ئابدۇلقۇددۇس هافىز

# ئۇيغۇر
# هۆسنخەت
# گۈلزارى

تۈركىيە - 2018

ئۇيغۇر هۆسنخەت گۈلزارى

تۈركىيە - 2018

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇلقۇددۇس هافىز

# ئۇيغۇر ھۆسنخەت گۈلزارى

تۈركىيە - 2018

نەشرگە تەييارلىغۇچى ، مۇقاۋا ۋە ئىچكى بەتلەر لايىھىسى :
ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

ئېلخەت : ateskalp2@gmail.com

باسقۇچى ئورۇن : KARON KOPY CENTER 2018 . 7

# مۇندەرىجە


**1. قەلبىمىز ۋە مۇھىتىمىزنى گۈزەللىككە تولدۇرايلى (كىرىش سۆز ئورنىدا) .......... 1**

**2. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھۆسنخەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى.......................7**

1) ئۇلۇغ ئالىم ۋە خەتتاتلار پېشۋاسى مەھمۇت قەشقەرى.......................7

2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈكچى ـ خەتتاتلار ھەققىدىكى تەلىماتى.......... 9

3) ئەلىشىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ خەتتاتلىق توغرىسىدىكى بايانى.......................10

4) ئەخمەت ئىگەمبەردى ھاجىم ئوغلى.......................12

5) زەمەخشەرى.......................12

6) ئابدۇللا تالىپ.......................13

**3. ئۇيغۇر ھۆسنخەت نۇسخىلىرى.......................14**

**1) ئەسلىيە خەت نۇسخىسى.......................14**

**2) تۆز خەت نۇسخىسى.......................15**

**3) رەيھانى خەت نۇسخىسى.......................16**

**4) تەئلىق خەت نۇسخىسى.......................17**

**5) رۇقئىي خەت نۇسخىسى.......................18**

**6) سۇلۇس خەت نۇسخىسى.......................19**

**7) كۇفى خەت نۇسخىسى.......................20**

**8) نەسخى خەت نۇسخىسى....................... 21**

**9) ئىجازەت خەت نۇسخىسى.......................22**

**10) دىۋانى خەت نۇسخىسى.......................23**

**11)جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى....................... 24**

**4.ھۆسنخەت يېزىشنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا....................... 25**

**5. ھۆسنخەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار.......................26**

1)ھۆسنخەت قەلەملىرى.......................26

2) ھۆسنخەت قەغەزلىرى.......................38

3) ھۆسنخەت سىياھلىرى.......................82

**6.ئۇيغۇر ئۇستاز خەتتات ، خەتتاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار....... 84**

(ئىسىم ـ فامىلىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ
رەت تەرتىۋى بويىچە تىزىلدى)

**ئا**

ئابدۇراۋۇپ.......................84

ئابدۇرۇسۇل ئابلىز.......................86

ئابدۇقادىر رەھىم.......................87

ئابدۇغەپۇرجان جاپپار....................... 87

ئابدۇغەنى ئەرك....................... 88

ئابدۇغوپۇر ئەبەيدۇللا....................... 88

ئابدۇلھەق ئۇشۇرى....................... 90

ئابدۇۋېلى تاش ئارتۇچ....................... 94

ئابدۇۋېلى ھامۇت....................... 98

ئابلىز ھوشۇر....................... 99

ئابلىمىت ئابلىز....................... 102

ئابلىمىت مۇساق زەۋقى....... 102

ئاتىكەم ئىبراھىم.......................103

ئادىلجان ئابدۇقادىر لەرزى.......................104

ئادىلجان ئايىت....................... 104

ئادىلجان تۇرسۇننىياز.......................110

ئالىمجان....................... 115

ئايگۈل ھەسەن.......................116

**ئە**

ئەخمەتجان مۇختەر زىيائى.......................117

ئەرشىدىن رىشىت راشىد....................... 119

ئەركەم....................... 121

ئەرك ئابدۇۋېلى....................... 122

ئەزھەر ئابدۇقادىر ..........122
ئەزىز تىلىۋالدى ..........123
ئەسقەر مۇھەممىدى ..........131
ئەكرەم ئابدۇمىجىت تۇيۇقى ..........137
ئەكرەم ئەركىن ..........138
ئەكرەم مۇھەممەت تۇيۇقى ..........141
ئەلى ئابدۇرېھىم ..........143
ئەل ئۈمىدى ..........144
ئەنۋەر ئەخمەت ..........144
ئەنۋەر ئەمەتجان ..........156

**ب ، پ**

باقى ھاجى مامۇت ..........156
بەختىيار ئەنۋەر ..........157
بەختىيار تۇرسۇن ..........157
پاتىگۈل مۆمىن ..........158
پەرھات شىددەت ..........162
پەرھات ياسىن ..........163

**ت**

تاھىر سەدرىدىن ..........165
تاھىر يۈسۈپ نۇر ..........165
تەنھا قەلپ ..........166
توختى ئەزىز بوستانى ..........167
توختىھاجى تۇرسۇن (ئەركەم) ..........170
تۇرايىدىن ..........170
تۇر ئەلى ئۆتكۈر ..........173
تۇردى قادىر نازىرى ..........174
تۇردى ھاجى ئەلى ئاتەش گاداي ..........177
تۇرسۇن باقى ..........177
تۇرسۇنجان سابىر خانتېكىن ..........178
تۇرسۇنجان سالامەت شەۋقى ..........189
تۇرسۇن قۇربان پىدائى ..........189
تۇرسۇن قۇربان خەتيار ..........190
تۇرغۇنجان تۇراپ تەشنائى ..........191
تۇرغۇن كېرەم ..........192

**ج ، خ**

جامالىدىن بىلال ..........196
جۇمە ئابدۇللا ..........197
جۇمە قارى ياسىن شىرمەتى ..........198
جۇمە ئىنايىتۇللا ..........208
خاسىيكە ..........209
خالىق پەخرىدىن ..........286
خەيرىنسا ئىمىن ..........286

**د**

دىلبەر ئەركىن ..........289
دىلنۇر قۇندۇز ..........290

**ر**

راخمانجان توختى ..........290
رۇزى توختى غوجا دەۋرانى ..........290
رۇزى مۇھەممەت ..........292
رۇسۇل ئابلىز ..........293
رۇسۇل مۇھەممەت ..........293
رېھىمجان ئەركىن ..........295
رېھىمجان ھەبىبۇللاھ فىراقى ..........295
رىشات نائىل ..........302

**س ، ش ، غ**

سىدىقجان ئەيسا بۇلاقى ..........306
شاۋكەت شەپقەت ..........306
شەمسىددىن سالاھىددىن ..........307
شۆھرەت سادىق ..........311
شۆھرەت ھېيتەم بەرداش ..........315
شىرئەلى ئابلا ..........315
غەفۇرجان جاپپار ..........322
غۇپۇرجان سىدىق ..........323
غۇپۇرجان مەخەت

**ق ، ك ، گ**

قايىنام جاپپار ..........325
قۇربانجان ئەخمەت نىرانى ..........330
قۇربانجان روزى شەيدائى ..........334
قەييۇم ئابدۇرېھىم ..........359
قىيۇم مۇتەللىپ ..........360
كۆكتۇرا ..........362
كېرىم خوجا ..........362
گۈلباھار قاسىم ..........377

**م**

مەۋلانجان مەمەتتۇرسۇن ..........379
مەھمۇتجان ئىمىن شىپاھى ..........380
مۇختار مەخەت بۇغراخان ..........381
مۇستاپا قۇربان جەزىرى ..........382
مۇقەددەس قادىر ..........384
مۇھەممەت ئابدۇللا قاراقاش ..........384
مۇھەممەتجان ئەبەيدۇللا شەپقەت ..........385
مۇھەممەت رازىيۇۋ ..........387
مۇھەممەت ئېلى مۆمىن ..........391
مۇھەممەت ئېلى يۇنۇس ..........391
مۇھەممەت ئىسمائىل ..........393
مۇھەممەدجان ئۆمەر ئەرك ..........395
مۇھەممەد ئىدرىس ..........404
مۆيەسسەر ھەسەن ..........408
مىسرانىم تورىدىن ..........412

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ن

نۇر ئامىنەم سۇلايمان.......... 412
نۇرمۇھەممەت ئابدۇقادىر.......... 415
نىياز كېرىم شەرقى............... 419

## ھ

ھاپىز نىياز........................ 442
ھەبىبۇللا روزى..................... 443
ھەسەن ھامىدى.................... 447
ھەيدەر ئەلى بەختەلى................447
ھۇشۇر ئېلى.........................448
ھۆرىيەت نىياز ......................456
ھۇسەنجان قاسىم.................. 458

## ئو ، ئۆ

ئوبۇلقاسىم مۆمىن...................458
ئوسمانجان مۇھەممەد ئوغلانى.......... 467
ئۆمەر ئايدىن بوز يىگىت..............468
ئۆمەر ئوسمان سەبرى................ 476
ئۆمەرجان ئىسمائىل.................. 477

## ئې ، ئى

ئېزىز نىيازى......................479
ئېلى تۇرسۇن ئەلتوغ................480
ئېلى ئىسمائىل.......................483
ئىبراھىم مۇھەممەد..................... 485
ئىسكەندەر ئىسمائىل..................488
ئىلھامجان قادىر........................489
ئىمىننىياز مۇھەممەترۇزى...............491

## ي

ياسىن ئابلا.......................493
ياسىنجان قۇربان ھەمرا.................493
ياسىن كېرىم ئۇيغۇرى..................499
ياقۇپجان يۇنۇس......................502
يۇسۇپ ئەلى..........................502
يۇسۇپجان......................... 503
يۇنۇس قۇددۇس تەبرىزى................503

# قەلبىمىز ۋە مۇھىتىمىزنى گۈزەللىككە تولدۇرايلى

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

ئايانكى ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۈلۈق ۋە نۇرلۇق قىبلىنامىسى قۇرئانى كەرىمدە جەنابىي ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسمى شەرىپى بارلىغى قەيت قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ ئەرەپچە «ئەسمائۇل ھۇسنا» (ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى) دەپ ئاتىلىدۇ ۋە «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار ، ئاللاھنى شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ئاتاڭلار ، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلىسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» (سۈرە «ئەئراف» ، 180 ـ ئايەت) دەپ ئالاھىدە تەلىم بېرىلىدۇ . بۇنىڭدىن ، گۈزەللىكنىڭ ئاللاھقا بولغان سەممىيەتتە نەقەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىغىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ ، ئەلبەتتە .

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى خەتتاتلىقنىڭ قوللىنىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. كىشىلەرنى ئىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان قۇرئان ئايەتلىرى مۇسۇلمانلارنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئىلھاملاندۇردى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ :

«(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر» («ئەلەق» سۈرىسى ، 1 ـ ، 5 ـ ئايەتلەر). يەنە مۇنداق دەيدۇ: «نۇن (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ). قەلەم بىلەن ۋە قەلەم تۇتقانلار يازىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى...» (سۈرە «قەلەم» ، 1 ـ ئايەت)

قۇرئان كەرىمدە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىغى قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ : «ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ بۇنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا تونۇپ يېتەلەيدۇ» («زۇمەر» سۈرىسى، 9 ـ ئايەت)؛ «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا، سەندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتاپلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆمىنلەرگە، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارغا، زاكات بەرگۈچىلەرگە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.» («نىسا» سۈرىسى، 162 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىلىم ئېلىش ھەر ـ بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر» . «گۈزەل خەتلەر كىشىنىڭ ئەقلىنى روشەن قىلىدۇ» دېگەن.

مانا بۇ بىر قاتار ئايەتى كەرىم ۋە ھەدىس ـ شەرىپلەر ئۆگىنىش ۋە خەتنى چىرايلىق يېزىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىغىنى ناھايىتى رۇشەن كۆرسىتىدۇ.

ئايانكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەچچە ئون كاتىۋى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن خاتىرىلىگەن، شۇنداقلا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا يوللايدىغان مەكتۇپلارنى يېزىشقا ، كۆندىلىك سىياسىي ئىشلار ۋە جەڭ غەنىيمەتلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر تەسمىيەنى يازغان چېغىڭلاردا < س > ھەرپىنى ئېنىق يېزىڭلار» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىۋى مۇئاۋىيە بىن ئەبۇ سۇفيان: « قەلەم قۇتىسىنى تەييارلاپ، قەلەمنى قىيپاش تۇتۇپ (ئەرەپچە خەت يازغاندا قەلەمنىڭ يانتۇلىغى 10 ـ 25 گرادۇس ئارىلىغىدا بولىدۇ)، < ب > ھەرپىنى ئۇزۇن يېزىپ < س > دىن ئايرىۋېتىش كېرەك، < م > نىڭ بېشى پۈتەي بولۇپ قالسا بولمايدۇ، < الله > دېگەن مۇبارەك ئىسمنى چىرايلىق يېزىش كېرەك، < الرحمن > دېگەن سۆزنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىنى قويۇش كېرەك؛ < الرحيم > دېگەن سۆزنى نەپىس يېزىش كېرەك » دېگەن. مانا شۇ ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كاتىپلىرىغىچە خەتتاتلىققا ناھايىتى ياخشى كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ مەزگىلدە «ئەلخەتتۇل مەككىيە» (مەككە خەت نۇسخىسى)، «خەتتۇل تەھرىرى»(ئەركىن خەت نۇسخىسى)، «ئەلخەتتۇل كۇفى»(كۇفى خەت نۇسخىسى) قاتارلىق خەت نۇسخىلىرى كۆپ قوللىنىلغان. مانا شۇنداق گۈزەللىكنىڭ نام نىشانى بولغان خەتتاتلىق ـ ھۆسنخەت ، خۇشخەت دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ ، ئۇ يېزىق سەنئىتىنىڭمۇ گۈزەللىك دۇنياسىدىكى كاتتا ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان ناھايىتى جەلىپكار بىر مۆجىزىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار قانچىلىغان مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇپتىكى تەڭداشسىز دېگۈدەك گۈزەل ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ بى باھا گۆھەردەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىگە زور تۆھپە قوشـ ـقانلىقى بىلەن نامايان قىلىپ كەلمەكتە. كۆرىدىغان بولساق، ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەڭرى تاغ ، ئالتۇن تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە قىيا تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرغان ھەرخىل رەسىملىرىنىڭ ئالدى 7000 ـ 8000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بولسا ، ھەرخىل مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگە ئويغان ياكى قابارتما قىلىپ يازغان ھۆسنى خەتلىرىگە 2400 يىلدىن ئاشقانلىقى نۇرغۇن تارىخىي ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا. . .

ئەپسۇسكى ، ئۇ قىممەتلىك مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگە چىرايلىق ئويما خەتلەرنى يېزىپ ئەۋلاتلارغاقالدۇرۇپ كەتكەن پېشۋالىرىمىزنىڭ ئىسمى شەرىپى ۋە پائالىيەتلىرى بىزگە تولۇق ئايدىڭ ئەمەس. جۈملىدىن ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇنداق چىرايلىق ئويما خەتلىرى مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ، «كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ، «كۆلبىلگە قاغان» ، «مويۇنچۇر يادىكارلىغى» ، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دېگەن ناملاردا مەلۇم بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ زادى كىم تەرىپىدىن ئويۇپ يېزىلغانلىقى بىزگە تېخى نامەلۇم . خەيرىيەت ، نىملا بولمىسۇن ئۇلار بىزگە خەتتاتلىق ، رەسساملىق ۋە نەققاشلىق قاتارلىق قىممەتلىك مەنىۋىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى مىراس قالدۇرغان . بۈگۈنكى ماھىر خەتتات ۋە رەسساملىرىمىز ئەنە شۇ نامسىز پېشۋالىرىمىزنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر.

ئالايلۇق ، مىلادى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئىدىقۇت مەرپەتچىسى ، خەتتاتلىرـ ـمىزنىڭ پېشىۋاسى ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ «نەزىم» ، «مەرسىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ، قاراخانىلار دەۋرىدە «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان ئالەمگە مەشھۇر بۈيۈك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ھۆسنخەتتە يېزىلغان 300 پارچىدەك قىممەتلىك ئەسرى ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتغۇبىلىك» داستانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى رۇقىيە شەكلىدە ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان . كېيىنرەك يەنە بىر قانچە خەتتات ـ ئۇستاملار سولۇس ، نەسخ قاتارلىق ئاممىباپ نۇسخىلاردا چىرايلىق كۆچۈرۈپ ، ئىلىم ـ مەرىپەت دۇنياسىدا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىلىم ـ پەن دۇنياسىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئالىم ۋە ئەدىپلىرىمىزدىن 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئابدۇغاپپار بىننى ھۆسەيىن ، جامالىدىن قەشقەرى ، تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئالىمى ئىمائىدىن قەشقەرىنىڭ «قانۇنلار شەرئى» ، ئەھمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋان ھىكمەت توپلىمى» ، سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپنىڭ «مۇفتاھىل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) دەرسلىگى مەتبەئەچىلىك بولمىغان قىيىن شارائىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھۆسنخەتلىرى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ كەڭ كۆلەمدە تارقالغان . بولۇپمۇ 12 ـ ئەسىردىكى ھۆسنخەتچىلىكتە نام چىقارغان ئۇستاز تاتاتۇڭا ، 15 ـ ئەسىردە يېزىلىپ ھۆسنخەتتە كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان «بەختىيارنامە» ، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» ۋە «مىراجنامە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەدەبىي ، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئەسلىسەك ، ئۇلارغا ئالىي ھۆرمەت بىلەن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئەھمەت بىننى مەھمۇت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىنىڭ 1480 ـ يىللىرىدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنى ئەرەپ يېزىغىغا سېلىشتۇرۇپ ھۆسنخەت بىلەن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى «ئاياسوفىيە» كۇتۇپخانىسىدا ئەتىۋالاپ ساقـ ـلىنىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يېزىق نۇسخىلىرىنىڭ بەكمۇ گۈزەللىگى ھەممىگە مەلۇمدۇر.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايى (1441 ـ 1501) نۇرغۇن نادىر ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسنختى بىلەن يېزىپ تارقاتقان . ئۇ زات : «ياخشى يېزىلغان خەت ۋە چېكىتلىرى گويا چىرايلىقلار يۈزىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن خالدەك ، ئاق قەغەزنىڭ جامالىنى بېزەيدۇ . خىتى چىرايلىق كاتىپ سۆزگە زىننەت بېرىدۇ ۋە سۆزلىگۈچىگە راھەت بېغىشلايدۇ. . .» دەپ ، ھۆسنخەتچىلەرگە ئىلھام بەرگەن . ناۋايىنىڭ زامانداشلىرىدىن بولغان ئۇستا خەتتات ھەم ئەدىپ سەئىدى قەشقەرى ، سۇلتان سەئىدخان ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ، ئۇلاردىن كېيىنرەك «قىسسۇرى» تەخەللۇسى بىلەن نامى چىققان موللا ئەھمەتباقى ، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «ئەتەبەتۇل ھاقايىق» ۋە «ناۋايى» كىتاپلىرىنى گۈزەل خۇشخەتلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ يازغان ۋە تاشقا ئويغان «چاپى» لەردە باستۇرغان پېشۋا ئۇستازلىرىمىزدىن زەينۇلئابىدىن ، سۇلتان بەختى ، ھۆسن خەتتاتى ، ئابدۇرەززاق خەتتاتى ، شاكىر موللا ئىسھاقى ، سەر كاتىپ ئابدۇرېھىم نىزارى ، تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ ، توختى ئاخۇن يولداش ۋە باشقا نۇرغۇن خەتتات پېشۋا ـ

لىرىمىزنىڭ مۇبارەكناملىرىنى مەڭگۈ يادلاشقا ، ئۇلار ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ھەقلىقمىز .
20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ، 30 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مۇشەققەتلىك دەۋردە مەرىپەتپەر ـ
ۋەر زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىمىز بىر مەزگىل گۈللىنىپ ،ئە ـ
رەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ، قىرغىز ، قازاق يېزىقلىرىدىن ھۆسنخەت دەرسلىرىنى ئۆتكەن مەرھۇم ھۆسەيىنخان تەجەللى (1850 ـ 1930) ، راھىلە خانىم ئاتۇشى (1860 ـ 1917) ۋە ھۆسەيىنىيە مەكتەپ ھۆسنخەت ، تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى ئىبنى مۇھەممەد سۇلتان خەلپىتىم ، 30 ـ يىللاردىكى قەشقەر ئوردا ئىشىگى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىلىرىدىن خەتتات ھەم ئەدىپ ئابدۇقادىر داموللا ، چۆەر پېداگوك ، خەتتات قاسىم ھاجى چوڭ خەلپىتىم (1880 ـ 1977) ، شەمشىدىن داموللام (1866 ـ 1927) ، مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىقى (1901 ـ 1936) ، شائىر ھەم ئۇستا خەتتاتلىرىمىز قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876 ـ 1937) ، مەھمۇد داموللام ، زىياۋىدىن مەخدۇم ، موللا ئەھمەت خەتتاتى ، ئۇستا رەسسام ۋە ھۆسنخەت مۇئەللىمى ھەسەن ئاخۇن ، غۇلجىدىن ماھىر خەتتات تىيىپ زات خەلپەم (1882 ـ 1957) ، قۇمۇلدىن تارىخچى ، ماھىر خەتتات ھاپىز نىيازى ، ئۈرۈمچىدىن خەتتاتلىقتا ئەجىر سىڭدۈرگەن پىشقەدەملەردىن مەرھۇم ۋەلى ئەخمەد (تاتار) ، تۇرسۇن بۇرھانى (قازاق) ، ئۇيغۇر شائىرى ۋە خەتتات ئەھمەت زىيائى ، قەشقەردىن گۈزەل سەنئەت ـ مەنزىرە رەسساملىقىغىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن مەرھۇم نامانخان سىرچى ... قاتارلىق ئۇستازلىرىمىز كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى يولىدا ناھايىتى جاپالىق ئىشلەپ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى . بىز ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنۇتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۈلگە قىلىپ تېخىمۇ قىممەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىشىمىز لازىم .

ئۆز نۆۋىتىدە ، خۇددى بۇ كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغاندەك قانچىلىغان ھۆسنخەت ئۇستازلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كەلمەكتە. مەن ئۇلارنىڭ ئەجدات پېشىۋالىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىۋي ھۆسنخەت ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ، ھۆسنخەت ئۆگەنگۈچى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىشىگە يېقىندىن يار يۆلەك بولىشىنى سەممىمي ئۈمىت قىلىمەن. مەن بۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچەممۇ كامىل . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرىدىن بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەر قەدىمى ۋە ھەر قەغىزىدە خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ئېچىلىپ بېرىشىنى نېسىپ قىلغاي ، ئامىن!

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا تۈرك يېزىقى ، (ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى) ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ، ئەرەپ يېزىقى ، چاغاتاي يېزىقى ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللىنىشتىن باشقا، براخمان يېزىقى ، مانىي يېزىقى، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ ، ھەممە ساھەدىن قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان . يەنە ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن يېتىلىپ چىققان يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە خەتتاتلارنىڭ ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن تارتىپ ، تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن تېپىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى بېغىشلىما مەزمۇنىدىكى ھۆسنخەتلەر ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى كلاسسىك قول يازمىلار ، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى مەسچىت ، مازار ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ۋاسا ، كاھىشلىرى ، مېھراپ ۋە تامغا ئويۇپ ھەل بېرىلگەن ھۆسنخەتلەردىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى بىناكارلىق سەنئىتىمىزدىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇندىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۈز خەت نۇسخىسى، رۇقئى خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، سولۇس خەت نۇسخىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرپ شەكلىگە ئىگە نەسخى خەت نۇسخىسى ، كۇفى خەت نۇسخىسى ، شەتەرەنجى كوفى خەت نۇسخىسى ، رەيھانى خەت نۇسخىسى ، ئىجازەت خەت نۇسخىسى ، دىۋانى خەت نۇسخىسى ۋە جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار ۋە تۆۋئەم ، تەسۋىريي كۆرگۈل ، جەللى خەت نۇسخىلىرى بار.

ئۇيغۇر خەتتاتلىرى بۇ نۇسخىلاردىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ گۈزەل خەتلەرنى يازىدۇ . ئۇلارنىڭ خەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك جۇلالاپ كىشىگە ئۈمۈر ۋە جاسارەت ئاتا قىلسا ، بەزىلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنى ، خۇش ناۋا سايراۋاتقان بۇلبۇللارنى ئەسلىتىپ كىشى قەلبىگە شادلىق، خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ . بەزى خەتلەر ساھىبجامالللارنىڭ ھۆسنىنى ئەكس ئەتتۈرسە ، يەنە بەزىلىرى ئۇچار قۇشلارنى، گۈل ـ گىياھلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

قەدىمدىن باشلاپ راۋاج تاپقان ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەنئەنىسى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ئالاھىدە بىر سەنئەت تۈرىگە ئايلاندى. ئىنشائاللاھ ، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ، ئىنسانىيەت

مەدەنىيىتىنى مىسلىسىز كۆركەم گۈزەللىككە ئېرىشتۈرۈشتە كاتتا رولنى جارى قىلدۇردۇ.

ئەلبەتتەكى ، مۇنداق بىر گۈزەل كېلىچەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بەلگىلىك بەدەل تەلەپ قىلىدۇ . بۇ بولسا ياش ئەۋلاتلىرىمىزنى كىچىگىدىن باشلاپ تەربىيىلەش ، ئىز باسار يېتىشتۈرىشىمىز بىلەن نا ـ هايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مىڭ ئەپسۇس ، يېزىقچىلىق ساهەسىدە كاتتا نەتىجىلەرگە مەشئەل بولۇپ پارلاق قۇياش كەبى نۇر ساچقان مىسلىسىز گۈزەل ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ئاسمىلاتسىيىچىلىگى سىياستى سەۋەپلىك ئۇيغۇر ئىلىم مۇنبىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ ، ئەۋلاتلىرىمىز ئانا تىلدا ئوقۇش ـ بىلىم ئاشۇرۇش ئەركىنلىگىدىن مەهرۇم قىلىندى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە دەرسلەر خىتاي تىلدا ئوقۇتىلىدىغان ۋە بۇنىڭ بىلەن مىسلىسىز گۈزەل ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىلمي ، تارىخىي رولى يوقىتىلىدىغان سەۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلىك ۋەزىيەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى .

ئۇنداق بولسا ، بىز مۇنداق پاجىئەگە سۈكۈت قىلىپ ۋە هەتتا قوللارچە باش ئېگىپ تۈگىشىپ كېتىشىمىز كېرەكمۇ ؟

ياق ، قەتئىي ياق !

بولمىسا ، قايسى بىر شائىر ئېيتقان :

سەنمۇ قويساڭ ئۈمىدىڭنى نەۋرەڭگە ،
مەنمۇ قويسام ئۈمىدىمنى ئەۋرەمگە ،
نەۋرىلەردىن ئەۋرىلەرگە يۈكلىنىپ ،
كۆمۈلمەمدۇ ئۈمىدىمىز قەۋرىگە .

دىگەن خەتەرلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ !

شۇ جۈملىدىن مەن سەۋىيەم تۆۋەن ، ۋاختىم قىس بولىشىغا قارىماي ، ئۇلۇغۋار ئەجداتلىرىمىزغا بولغان ئالىي هۆرمىتىم ، زامانىمىزدىكى ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزغا بولغان ئوتلۇق مۇهەببىتىم ۋە ئىززىتىم ، شۇنداقلا مىللىتىمنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە بولغان سەممىي مەسئۇلىيىتىم بىلەن يارەببىم ! دەپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ «گۈل ـ بوستانلاردىن شىرنە يىغىش» ئاساسىدا ئۇشبۇ «ئۇيغۇر هۆسنىخەت گۈلزارى» ناملىق كىتاپنى ئالاهىدە تەييارلىدىم. بۇ يەردە ، ئەمگىگى نەزەرگە ئېلىنغان ئىجادىيەت ئىگىلىرى قېرىنداشلىرىمغا ئالەمچە رەهمەت ئېيتىمەن. جەنابىي ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجر ـ ساۋابىنى هەسسىلەپ بەرگەي ، قەلەم تەۋرەتكەن قوللىرىدىن خۇشپۇراق قىزىل گۈللەرنىڭ ئۈنۈپ بېرىشىنى نېسىپ ئەيلىگەي ، ئامىن !

ئەلبەتتە بۇ كىتاۋىمىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئانا ۋەتىنىمدە كۆپ سانلىق ئىدى . ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ تەقدىرى هەممىمىزگە ئايان ، دېمەككى ، ئۇلار خىتاي تىلىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ!!! . . .

ئەمدى بۇ زور يوقۇتۇشنى مۇهاجىرەتتە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىم ئارقىلىق ئازىراق بولسىمۇ تولدۇرۇشنى ۋىجدانى ، ئىمانىي بۇرچۇم دەپ بىلىمەن (؟) ۋە مەن مۇشۇ ۋىجدان ۋە ئىمانىنىڭ هۆكمى بىلەن شۇنى ئالاهىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، دىنىي ئوقۇتۇشنى باهانە قىلىپ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئوقۇتۇلىشىنى چەتكە قاقىقان ، بەلكى چەكلىگەن هەر قانداق ئۇيغۇر كالللىسىنى قاتتىق سىلكىۋېتىشى كېرەك! چۈنكى ئۇنداقلار ئاللاھۇ تەئالانىڭ غەزەپ نەپرىتىدىن خالى تۇرالمايدۇ ، بەلكى ئۇلار ئاللاهقا ئاسىلىق ، مىللەتكە خائىنلىق ، زوراۋان كۈچلەرگە غالچىلىق قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ هېساۋىنى بەرمەي قالمايدۇ !

كۆرۈپ باقايلى ، ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ : «‹ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادى ـ ـشاهلىقى ئاللاهقا خاستۇر . ئاللاهنىڭ بالىسى يوقتۇر ، پادىشاهلىقتا شېرىگىمۇ يوقتۇر . ئاللاھ هەممە نەرسىنى ياراتتى ، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاهىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى)(سۈرە «فۇرقان»، 2 ـ ئايەت ) «(مېهرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى ( ئۇنى هېپزى قىلىشـنى ۋە چۈشۈنۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى ) ، ئىنسانىنى ياراتتى ، ئۇنىڭغا ( مەخسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ) سۆزلەشنى ئۆگەتتى.)،(سۈرە «رەهمان» ،1 ـ 4 ئايەتلەر ) ، « ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز هەقىقەتەن بىر ئەر ، بىر ئايالدىن ( ئادەم بىلەن هەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن ) ياراتتۇق . ئۆز ـ ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق . هەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغانلىرىڭلار ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا ئەڭ هۆرمەتلىك هېساپلىنىسىلەر ( يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس ، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ ) . ئاللاھ هەقىقەتەن هەممىنى بىلگۈچىدۇر ، هەممىدىن خەۋەرداردۇر)، (سۈرە «هۇجۇرات» .

13 ـ ئايەت) « ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلار ـ نىڭ خىلمۇ ـ خىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر ، ئۇ ـ نىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.) (سۈرە «رۇم» ، 22 ـ ئايەت)

مۇشۇنداق بولغان ئىكەن ، ئاللاھۇ تەئالا ئاتا قىلغان گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىزدا ئوقۇش ، بىلىم ئاشۇرۇشنى چەكلەشكە ئۇلارنىڭ نىمە ھەققى بار؟!

خەير ، بۇ جەھەتتىكى تەلۋىلەرچە قاراش بىلەن قايمۇقۇپ يۈرگەنلەرگە ئەمدى بەس !

نۆۋەتتە مەن ئەنە شۇنداق ئويلىنىش بىلەن بۇ كىتاپنى تەييارلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىشنى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ئالدىنقى قاتاردا قويۇپ ، كىتاپنى تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە تەييارلىدىم :

1) ئۆگىنىش باسقۇچى ؛ 2) ئەمەلىي مەشىق باسقۇچى؛

ئۆگىنىش باسقۇچىدا ، ئىلھاملاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، بۇ «كىرىش سۆز» نىڭ بېشىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ، ئاللاھۇ تەئالا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە ھۆسنخەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى ھەمدە بىزنىڭ ھۆسنخەت تارىخىمىزدىن قىسقىچە مەلۇمات بەردىم ، ئاندىن كېيىن مەشھۇر ئۇستازلىرىمىزنىڭ ھۆسنخەت توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئارىيەلەر سۇندۇم .

شۇنىڭدىن كېيىن ھۆسنخەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز ، قەلەم ۋە سىياھلار تەپسىلى تونۇشتۇرۇلدى .

بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭلا ئەمەس ، ماھارەتلىك خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەردىم .

ئۇنتۇپ قالمايلىكى، تەتقىقاتچىلار ھۆسنخەت يېزىش، رەسىم سىزىشنىڭمۇ سالامەتلىككە ئالاھىدە پايدىسى بارلىقىنى يەكۈنلەپ تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان : (دىققەت ! ئادەم ۋە باشقا جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ رەسىمنى نەزەردىن ساقىت قىلىڭ ) :

1)جىسمانىي كۈچىمىزنى چېنىقتۇرىدۇ. ياشانغانلار بىكار ۋاقىتلىرىدا ھۆسن خەت يېزىپ رەسىم سىزىپ بەرسە سالامەتلىكىگە پايدىسى زور بولىدىكەن . ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار بۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدۇ، تېخى رەسىم سىزىش كۇرسلىرىغا بېرىپ رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى كوللىكتىپ ھالەت ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ، دەپ قارىلىدىكەن .

2) مېڭە يىگىلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قەلەم تەۋرەتكەندە كاللا ئىشلىتىلىدىغان، ئويلىنىدىغان بولغاچقا بۇ ۋاقىتتا چوڭ مېڭە نېرۋا پىپتىد دەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر خىل خىمىيىلىك ماددا قويۇپ بېرىدۇ . بۇ ماددا ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىققا پايدىلىق ئىكەن .

3) جىمغورلۇق ھەۋەسكارلىرى بىلەن ئۆز ـ ئارا پىكىرلىشىپ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ كەمچىلىكلىرىنى تو ـ لۇقلىشىدۇ، ئىلھام بولسا ئىجادىيەت روھىنى ئۇرغۇتىدۇ، ئۆزى ھەل قىلالمىغان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، خوش بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەنھالىقنى خالاش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ ۋە جىمغۇر بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن .

4) پسىخىكا ساغلاملىقىنى ساقلايدۇ. ھۆسنخەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەندە پسىخىكا ساغلاملىققا زىيانلىق بىر قىسىم ئامىللار يوقاپ خۇشال يۈرىدىكەن .

شۇنىمۇ ئۇنۇتمايلىكى ، ھۆسنخەت مەشقى باللارنى زېھنىنى يىغىپ يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ، باللارنىڭ كەيپىياتىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا، تەمكىن خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە ھۆسنخەت يېزىشقا بولغان بىرخىل قىزغىنلىق، خەتنى تۈرلۈك نۇسخىلاردا تېخىمۇ چىرايلىق، كۆركەم يېزىش باللارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، باللار ھەر قېتىم ھۆسنخەت مەشىق قىلغاندا، نېرۋىسىنىڭ جىددىيلىشىشىنى يېنىكلىتىپ، يۈرەك سوقۇش، قان بېسىمىنى تەڭشەپ، تەشۋىشلىنىش يوقايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەيپىيات، نەپەسنى تەڭشەش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلاردا باللار بىر خىل يەڭگىللىكنى ھېس قىلىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. شۇڭا مەيلى مەكتەپتە بولسۇن ياكى ئائىلىدە بولسۇن، باللار ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلىپ بەرگەندە، ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .

مۇشۇنداق بولغان ئىكەن ، بۇ ئىشقا باللىق ۋاقتىنلا كىرىشكەندە نەقەدەر زور پايدىلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا بولغۇچى تەسەۋۋۇر قىلالماسمىزمۇ ؟

قېنى ئەمسە كىتاپ سەھىپىلىرىگە مەرھەمەت !...

نۆۋەتتە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتمەنكى ، بۇ كىتاپ بالىلارنىڭ ھۆسنخەت ئۆگىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ـ چۈشەنچىلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە شۇ ئاساستا تالانتلىق ھۆسنخەت ئۇستىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنى مەخسەت قىلغان ئاساستا تەييارلانغانلىغى ئۈچۈن، ئۆگۈنۈش ئۇسۇلى جەھەتتىن، ئاسانلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ئىلگىرلىشى كۆزدە تۇتۇلدى . شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئائىلە مۇھىتىدا تۇرۇپمۇ بالىلىرىنىڭ ھۆسنخەت ئۆگىنىشىگە ئەركىن ، بەھۇزۇر يېتەكچىلىك قىلالايدۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ كۈتۈلمىگەندە تالانتلىق ھۆسنخەت ئۇستىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كۈتۈلمىگەن ئائىلە خوشاللىقىمۇ مەيدانغا كېلىپ ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىچە ھوزۇر ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ ، ئىنشا ئاللاھ !

بۇ بىر مەخسەتكە يېتىشتە ، كىتاپتا «ئىشنىڭ بېشى بىسمىللاھ» دېيىلگەن ھىكمەتلىك ئىلاھى ئىلھامغا مۇناسىپ ھالدا دەسلەپتە تەييارلىق باسقۇچى سۈپىتىدە ھۆسنخەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز ، قەلەم ۋە سىياھلار تونۇشتۇرۇلدى. ئاندىن ھۆسنخەت تۈرلىرى ۋە يېزىش قائىدىلىرى تونۇشتۇرۇلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇستاز خەتتات ۋە خەتتاتلەرنىڭ تەرجىمەھالى (ئەگەر تاپالمىسام ئىسمى شەرىپىنى) ۋە ھۆسنخەتلىرىدىن تاللانمىلار ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرستىلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان خۇش پىچىم ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، چىدام ـ جاسارەتلىك ، ئەمگەكچان ، تىرىشچان باتۇر مىللەت ئىكەنلىگىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇتۇش ئاساسىدا ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلىپ دۇنياسىغا غۇرۇر شەربەتلىرىدىن « يامغۇر » ياغدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باھار پەسلىدەك ئىللىقلىق ۋە راھەتلىك ، ياز پەسلىدەك ئىسسىقلىق ۋە جوشقۇنلۇق ، كۈز پەسلىدەك مول ھوسۇللۇق ۋە بەرىكەت تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان بىر يۈرۈش گۈزەل ئىسلامىي ھۆسنخەتلەر تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا مەنىۋىي جاسارەت ، گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ ، ھۆسنخەت ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىغى ۋە ئانا تىل ـ يېزىغىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە بولغان تونۇشى باشقىچە يۇقىرى كۆتىرىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ ، ئىنشائاللاھ ۋە بۇ تۈپەيلى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بۇخىل روھى كەيپىياتىدىن سۆيۈنمەيمۇ تۇرالمايدۇ ، ئەلبەتتە!

ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى سىناش ۋە جەمئىيەتكە يۈزلىنىشنى كەڭرى زېمىن بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ، گۈزەل گۈل ـ چىچەكلەر ، مەنزىرىلەر ۋە باشقا خىل مەۋجۇداتلاردىن گۈزەللىرىنىڭ تاللانمىلىرىنىڭ رەسىملىرى ئالاھىدە قوشۇمچە قىلىندى . ئەۋلاتلىرىمىز ئەمدى ئىگەللىگەن بىلىمى ۋە ئالغان ئىلھامى ئاساسىدا ئاشۇ گۈزەل گۈل ـ چىچەكلەر ، مەنزىرىلەر ۋە باشقا خىل مەۋجۇداتلاردىن گۈزەللىرىنىڭ تاللانمىلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھۆسنخەتلەرنى تەييارلىيالايدۇ . بۇ جەھەتتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن ، بەزى مەرىپەت مەشئەللىرىمىزنىڭ ھىكمەتلىك سۆزلىرىدىن ھەمدە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە باشقا مەنىلىك شېئىر ـ قوشاقلىرىدىن قىسقىچە ئارىيەلەرنى سۇندۇم . بۇنىڭ بىلەن ، ئىنشائاللا «بۇلبۇل بوستاننى تاپتى» بولغان يېڭىچە گۈزەل ۋە ھاياجانلىق مەنزىرىلەرنىڭ جىلۋىلىنىشىگە مۇمكىن بولىدۇ ، ئەلبەتتە .

ناھايىتى رۇشەنكى ، بۇ ھال ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسىدۇر. چۈنكى ئىنسان ھاياتىنىڭ ھوزۇرىنى كۆرۈشتە ، باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى مەزمۇنى ساغلام مەنىۋىي گۈزەللىككە ئالاھىدە ئىنتىلىدۇ ۋە ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ئەلبەتتە . بۇ خىل گۈزەللىك يالغۇز قەلىپ گۈزەللىگى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، بەلكى مۇھىت گۈزەللىگىنىڭ بولىشىنىمۇ كۈچلۈك تەقەززا قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بىز ئۆگەنگەن بۇ بىر گۈزەل ۋە چوڭقۇر مەنالىق ئىلمىمىزدىن جانلىق پايدىلىنىش ئاساسىدا چوڭقۇر مەنالىق ھىكمەتلىك سۆز ـ جۈملىلەرنى كەڭ ـ كۆلەمدە يېزىپ تەييارلاپ ئۆي ـ ئۆيلەردە ، ئوردا ، سارايلاردا ھەتتا رەستە ـ كوچا ـ كويلاردا ئالتۇندەك پارلاپ يۈلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، خەلقنىڭ مەنىۋىي گۈزەللىگىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىششىمىز لازىم ، ئەلبەتتە .

قېنى ئەمسە ، ئەي گۈزەللىكنىڭ ئاشىق بۇلبۇللىرى ئاتىلار ۋە ھۆر سۈپەت ئانىلار !

**بالىلىرىمىزنى گۈزەللىك بوستانىغا باشلاپ كىرەيلى ، قەلبىمىز ، مۇھىتىمىز مىسلىسىز گۈزەللىكلەر بىلەن تولسۇن،**

**ئامىن !**

# مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھۆسنخەت توغرىسدا ئېيتقانلىرى

## 1 ـ ئۇلۇغ ئالىم ۋە خەتتاتلار پېشۋاسى مەھمۇد قەشقەرى



مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى ، تۈنجى ئەرەپچە ھەرپ ئاساسىدىكى تىل ـ يېزىق ۋە ھۆسنخەتچىلىك پېشۋاسى بولۇپ ، تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى قەشقەرگە تەۋە ئوپال يېزىسىنىڭ ئەزاق (ئازىخ) كەنتىدە ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن .

ئالىم باللىق دەۋرىدىكى مەلۇماتىنى مېھرىبان ئانىسى ، ئوقۇمۇشلۇق ئانىسى بۈۋى رابىيەنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدە ۋە ئوپالدىكى دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالغان . ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتىنى بولسا قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى زاھىت ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ بىلەن جامالىددىن قەشقەرى ، سەئىد جالالىددىن باغدادى قاتارلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلغان «ھامىدىيە» ۋە «ساجىيە» مەدرىسلىرىدە ئالغان . ياش ئالىم ئۆز بىلىملىرىنى ئاشۇرۇشتا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي ، بەلكى ئۆز زامانىسىدا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلىۋاتقان ، ئەرەپ ئېلىپبەسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تىل ـ يېزىقداش قەبىللەرنىڭ تىل ـ يېزىق قائىدىلىرىنى چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن يېزىپلا قالماستىن ، مەدرىستە ئوقۇغان تىبابەتچىلىك ، ھېساپ ، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا) ، روسمان جەڭ (سوقۇش تاكتىكىسى) ۋە باشقا ئىجتىمائىي ، تەبىئىي پەن دەرسلىرىنى چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن خاتىرلەپ بارغانلىقتىن ، ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ ئۇنى ئالاھىدە تەرىپلىگەن . ئۇ كىچىكىدىن تىل ئىلمىگە ئالاھىدە قىزىققىدىغان بولغاچقا ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ئورتاق تىل ـ يېزىقلىق خەلقلەرنىڭ شەھەر ، يېزا ـ قىشلاقلىرىنى 15 يىل كېزىپ يۈرۈپ ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچۈن كۆپلىگەن ماتېرىيال توپلىغان . ئاخىرى 1072 ـ يىلى باغداتقا بېرىپ 1974 ـ يىلىغىچە بۇ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پۈتكۈزۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان . 1074 ـ يىلدىن 1076 ـ يىلىغىچە بۇ كىتاۋىنى قايتا تەكشۈرۈپ ، تولۇقلاپ ، شۇ چاغلاردا ئاممىباپ ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدىن بولغان «نەسخ» شەكلىدە كۆچۈرۈپ چىققان . ئاندىن ئابباسىلار خەلىپىسىنىڭ 27 ـ چىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتىرى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان . بۇ كىتاپ ئوردا كۇتۇپخانىسىدا 190 يىلدەك ساقلانغاندىن كېيىن ، كىتاپنى ئاپتورنىڭ ئەسلى قول يازمىسىدىن كۆچۈرگەن كاتىپ مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى ، كۆچۈرۈپ پۈتتۈرگەن نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق دەپ يېزىپ قويغان : «كىتاپنىڭ ئاپتورى ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇ نۇسخىسىنىڭ جۈملىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم. . . »

مەھمۇد قەشقەرى 1080 ـ يىللىرى باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانى ئوپالغا جايلىشىپ بىر مەدرىسە بىنا قىلىپ ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان . كىشىلەر تەرىپىدىن «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتالغان بۇ بىلىم يۇرتىدا 10 نەچچە يىل دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدە مەلۇماتلىق نۇرغۇنلىغان شاگىرت ۋە خەتتات ئىز باسارلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن . مىلادى 1105 ـ يىللىرى 97 يېشىدا ۋاپات بولۇپ ، ئۆز يۇرتى ئوپالغا دەپنى قىلىنغان .

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇنارىسىنى تىكلىگەن بۇ بۈيۈك ئالىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ، ھەتتا پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىپتىخارى ، شەرەپلىك ، مەشھۇر مەدەنىيەت ۋەكىلىدۇر . شۇنداقلا پۈتكۈل پىشقەدەم ۋە ياش خەتتات ، خەتتاتەلىرىمىزنىڭ پېشۋاسى ۋە ئۇستازى بولۇشقا مۇناسىپتۇر .

تۆۋەندە بۇ بۈيۈك تىلشۇناس ۋە خەتتاتلار پېشۋاسىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى دېگەن ئەسىرىنىڭ «نەسخ» نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن بىر قانچە كۇبلىت شېئىر ، قوشاقلىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

اودكجار كيشى تويماس

يەشمىسى : زامان ئۆتەر كىشى تويماس ،

يتكوق اوغلى منكگو قلماس

ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس .

كوركلو تنوغ اوزنك كا

كۆركەم تونىنى ئۆزۈڭگە قالدۇر ،

تتلغ اشغ ازنقا

يەشمىسى : مېھماننى ئىززەتلە ،

داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن .

يەشمىسى : ئۇۋلار مېنى خۇما كۆز ،

قارا خاللىق قىزىل يۈز .

تامار ئاندىن تۇگەل ئۇز ،

ئۇۋلاپ يانا ئۇ قاچار .

اشتب اتا انانك نك سقلرنى قدرما

تنك قب بلب كفزلك قلنب ينا قترما

يەشمىسى : ئاتا ـ ئانىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا (ئۇنى) قايتۇرما ،
دۇنيا ۋە بەخت تېپىپ قالساڭ،تەكەببۇرلىشىپ  قوترىما .

**ئىزاھات :**

بۇ شېئىر ـ قوشاقلار « تۈركىي تىللار  دىۋانى» 1ـتومنىڭ 62 ـ ، 81 ـ ، 82 ـ ، 660 ـ بەتلىـ
ـرىدىن ئېلىندى .

## 2 ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈكچى ـ خەتتاتلار ھەققىدىكى تەلىماتى



خەلقىمىزنىڭ **11** ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە دانىشمەن شائىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن مىلادىنىڭ **1018** ـ **1019** ـ يىللىرى ئارىسىدا بالاساغۇندا تۇغۇلغان بولۇپ ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن . **1085** ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ قەشقەردە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتى «ساجىيە» مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنى ياخشىلاش ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش ، سودا ـ تىجارەت ، قاتناش ، يېزا ئىگىلىكى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ، بولۇپمۇ مەدەنىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش مەخسىتىدە «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھەجىمدىكى داستاننى يېزىپ ۋە ئۇنى چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن كۆچۈرۈپ ، قاراخانىلار ھۆكۈمرانى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەغدىم قىلغان . ھەسەن بۇغراخان بۇ مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن . («قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ **1984** ـ يىل نەشرى ، **4** ـ بەت)

مۇئەللىپ مەزكۇر داستانىنىڭ **34** ـ بابىدا «پۈتۈكچى قانداق بولىشى لازىملىقىنى توغرىسىدا» مۇندىن **10** نەچچە ئەسىر بۇرۇن مۇنداق تەلىمنى يېزىپ قالدۇرغان:

«گەر بولسا خان ، قانچە ئالىم ئۆزى ،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى .» (كىتاپنىڭ **569** ـ بېتىدە)
«پۈتۈكچى بىلىملىك ، بولسۇن ئېقىللىق ،
خېتى ئۇز ، بالاغەتتە بەك يېقىملىق .
خېتى ئۇز يېزىلسا ، كۆڭۈل ئېچىلۇر ،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر .»
«بۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر ،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر .» (**573** ـ بەت)

دەپ ، پۈتۈكچى (كاتىپ ، خەتتات) لارنىڭ ئەجرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق پۈتۈكچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خىسلەتلەرنى شەرھلەپ مۇنداق دەپ يازغان :

«پۈتۈكچى بى تاما بولسۇن كۆزى توق ،
كۆيۈمچان ، ساپ كۆڭۈل ، مۇھتاجلىغى يوق .»
«تاماگەر قۇل ئىرۇر ، گەر بولسىمۇ خان ،
بولۇر پەس ، تاماگەر كىشى ھەر قاچان .
پۈتۈكچى بولسا ھىرىس ، بىلىمنى بۇزار ،
تام بىرلە يازار ، خېتى بۇزۇلار .» (**577** ـ بەت)

ئۇ يەنە پۈتۈكچىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا سەممىي ھەمكارلىشىدىغان ياخشى پەزىلەتنى جارى قىلدۇرىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان :

«خاتا بولسا بىرىنىڭ خېتىدە سۆزى ،
بىرى تىلدە تۈزەتسۇن ئۆزى .
مۇشۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولۇر،
ئۇنىڭدىن ئادەملىك خىسلىتى كېلۇر .» (**577** ـ **579** ـ بەتلەر)

بىز ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم ، دانىشمەن شائىر ھەم خەتتاتلار پېشىۋاسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق قىممەتلىك نەسىھەتنامىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمىزنى ئالغا سۈرۈش ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى ساغلام تەربىيىلەشتەك تارىخىي بۇرچىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقىش ئۈچۈن ئۆزىمىز يازغان ئەسەرلىرىمىزگە ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن سادىق بولۇپ ، بارلىق كاتىپ ۋە خەتتاتلىرىمىزنىڭ ئۆز ـ ئارا سەممىي ھەمكارلىشىدىغان روھىنى جارى قىلدۇرىشىمىز لازىم .

## 3 ـ ئەلىشىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ خەتتاتلىق توغرىسىدىكى بايانى



ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ، قازاق ، قىرغىز ، تاتار ، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ، شۇنىڭدەك ھۆسنىخەتچىلىك ، رەسساملىق ئىشلىرىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ ، 1441 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلۇپ 1501 ـ يىلى ۋاپات بولغان .

ناۋايىنىڭ ھاياتى 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا فېئودال خانلىقىنىڭ ئۆز ـ ئارا تەخت تالىشىدىغان جەڭگى ـ جېدەللىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى مۇرەككەپ زىددىيەتلىرى ئىچىدە ئۆتكەن بولغاچقا ، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى فېئوداللىق ئاسارەتكە قارشى ئىلغار پىكىرلىك ، مەرىپەتپەرۋەر كۆچلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن قاتنىشىپ ، ئىلىم تەھسىل قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كىچىگىدىن تارتىپلا ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرخىل تۈرلىرىدىن بولغان تارىخ ھەم تىل ـ ئەدەبىياتقا ، ھۆسنىخەتكە ، رەسساملىققا ۋە باشقا بىلىم ساھەلىرىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئەدەبىي ئىجادىيەتچىسىگە ئايلىنىپ ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان .

ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» بىلەن ناھايىتى چىرايلىق ھۆسنىخەت تۈرلىرىدىن ئاممىباپ سانالغان «سۇلۇس» ، «تەئلىق» ۋە «رۇقىيە» نۇسخىلىرىدا يېزىپ ، باشقىلار ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن .

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي ۋە ئىپىك ئەسەرلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكىسى «خەمسە» داستانلار توپلىمىغا «ھەيرەتۇل ئەبرار» ، «پەرھات ۋە شىرىن» ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، «سەبئى سەييارە» ، «سەددى ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت بەش داستان كىرگۈزۈلگەن . ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ۋە باشقا ئىجادىيەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بەدىئىي جەھەتتىن ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئەمگەك سۆيەرلىك ، باتۇرلۇق ، ۋاپادارلىق ، سەنئەت سۆيەرلىكتىن ئىبارەت ئالىجاناپ گۈزەل پەزىلەتنى چوڭقۇر ئىشتىياق ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن مەدھىيىلەپ ، گۈزەل ھۆسنىخەت بىلەن يېزىپ چىققان . بۇ ئەسەرلىرىدە زالىم ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەككار يالاقچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى قامچىلىغان ھەمدە «زەنجىر بىلەن باغلانغان شىر» قاتارلىق رەسىملەرنى سىزغان . («ئۆزبەك ئەدەبىياتى تارىخى» 1982 ـ يىل تاشكەنت نەشرى ، 8 ـ سان ، 68 ـ بەت )

ناۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت شائىرلىرى ناۋايىنى ئۆزلىرىنىڭ پىر ـ ئۇستازى ساناپ ، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشقان . شۇڭا ناۋايى ئەسەرلىرى ئۆتكەن بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر مەدرىسلىرىنىڭ مۇ ـ ھىم ئەدەبىيات دەرسلىگى ، ئۇنىڭ ھۆسنىخەت نۇسخىلىرى كېيىنكى شائىر ۋە خەتتاتلىرىمىزنىڭ يېزىق ئۈلگىسى بولۇپ كەلگەن . جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقام نەغمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ناۋايى غەزەللىرى بىلەن جاراڭلىماقتا .

ئەلىشىر ناۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكى ئىجتىمائىي تىنچسىزلىقتا قارىماي ، تىخمۇ تىرىشىپ (1488 ـ 1501 ـ يىللىرى) «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» ، «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئاداشىر» ۋە «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» قاتارلىق تارىخىي تەزكىرە ۋە شېئىر توپلاملىرىنى ، شېئرىيەتتىكى ۋەزىنلەر ئۆلچىمى ، «مەبۇبۇل قۇ ـ لۇپ» ، «لىسانۇت ـ تايىر» (قۇشلار تىلى) قاتارلىق فىلوسوفىيەلىك پوئىمالىرىنى يېزىپ چىققان .

ناۋايى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەنلا يېزىپ قالماستىن بەلكى باشقىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىشقا ، داۋاملىق ئەسەر كۆچۈرگۈچى كاتىپلار- نىڭ خېتىنىڭ گۈزەل بولۇشىغا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دېگەن :

«ياخشى يېزىلغان خەت ۋە چېكىتلىرى ، گويا چىرايلىقلار يۈزىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن خالدەك ئاق قەغەزنىڭ جامالىنى بېزەيدۇ . خېتى چىرايلىق كاتىپ سۆزگە زىننەت بېرىدۇ ۋە سۆزلىگۈچى (يازغۇچى) گە راھەت بېغىشلايدۇ .»

«مەھبۇبتىن كەلگەن مەكتۇپنىڭ خېتىنىڭ گۈزەل ۋە مەزمۇنىنىڭ يېقىملىق بولۇشى كۆڭۈلنىڭ ئۈستىگى ۋە جاننىڭ ئارامدۇر» دەپ ھۆسنخەت ۋە خەتتاتلارغا يۇقىرى باھا ۋە جانلىق ئىلھام بەرگەن بولسا ، «يامان كاتىپنىڭ جايى قەلەمداندەك چوڭقۇر بولسۇن ، ئۇنىڭ بېشى قەلەمدەك يارا ۋە قارا بولسۇن» دەپ خېتى سەت كىشىگە تەنبىھ بېرىپ ، ھۆسنخەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان .

تۆۋەندە ناۋايىنىڭ «سۇلۇس» «تەئلىق» ۋە «رۇقىيە» نۇسخىلىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن ئۈچ كۇبلېتنى تونۇشتۇرىمەن:

«سۇلۇس» نۇسخىسى :


بولسا ئىككىمىزنىڭ يۈزى ئەكس سۇدا پەيدا ،
ئول سۇنى تەرەپ بارسا ئاچىلغاي گۈلى رەنا .

تەئلىق نۇسخىسى :


كۆڭلۈم ئۆرتەنسۇن ئەگەر غەيرىڭگە پەرۋا ئەيلىسە ،
ھەر كۆڭۈل ھەمكىم سېنىڭ ئىشقىڭنى پەيدا ئەيلىسە .

«رۇقىيە» نۇسخىسى :

بز ئەلشر ناۋاينىڭ

غۇربەتتە غەرىب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا مۇشفىقۇ-مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەز ئىچرە گەر قىزىل گۈل بىتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

بز ئەلشر ناۋاينىڭ ئەدەبيات ـ سەنئەت نەمۇنلرى بلەن ھۆسنخەتنى قزغن سۆيدىغان ئىلغار ئىلمخۇمار پەزىلەتلرىنى تىرىشپ ئۆگۈنۈپ ۋە ئۇنىڭ پارلاق ئەنئەنسگە ۋارسلىق قلىپ ، مەنۋىي مەدەنىيتىمزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاداققچە تىرىشىشمىز لازىم .

## 4 ـ ئەخمەت ئىگەمبەردى ھاجىم ئوغلى

كىلاسسك شائىر ، خەتتات ئەخمەت ئىگەمبەردى ھاجىم ئوغلى (1907 ـ 1941) خەتتاتلىق سەنئىتى توغرىسدا مۇنداق دېگەن :
«..... خەتنىڭ چىرايلىقلىغى دىلدارنىڭ ھۆسندىن چىرايلىقتۇر ، ئۇ قاراڭغۇ كېچىنى يورىتىدىغان بىر ئايغا ئوخشايدۇ . ھەر گۈلنىڭ خازان ۋاقتى بولىدۇ ، ئەمما چىرايلىق خەتنىڭ خازانى بولمايدۇ ، ھەمىشە چىرايلىق گۈلزاردەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ .»
«جاھاننىڭ ھەممىسىگە سەرۋەر بولماقمۇ خەت بىلەندۇر.»

## 5 ـ زەمەخشەرى

خارەزىملىق بۈيۈك ئەدىپ ، ئالىم زەمەخشەرى (1075 ـ 1144) «ناۋابىغۇل كەلىم» ناملىق كىتاۋىدا ھۆسنخەتچىلىك سەنئىتى ۋە ھۆسنخەتنى «مىرزىنىڭ چىرايلىق خېتىدىكى ھەر ـ بىر چېكىتمۇ گۈزەل قىزنىڭ ياڭىغىدىكى خالدىنمۇ گۈزەلراقتۇر...» دەپ تەرىپلەيدۇ .

## 6 ـ ئابدۇللا تالىپنىڭ خەتتات ھەققىدىكى نەزمىسى



ئۈنچە ـ مارجان دانە ـ دانە جەۋھەرى خەتتات خېتىڭ ،
شاھسەنۇبەر خانە ـ خانە نەۋكەرى خەتتات خېتىڭ .
گەرچە رەسسام ھەل بىرىپتۇ چوڭ قەسىر پەشتاقىغا ،
مەشئەلى كۆركەم ھىلال ئاي گەۋھەرى خەتتات خېتىڭ.

قەۋرە تاش ياكى گۈزەدە يولچى سەيياھ توختىدى ،
جەزبىدىن ئاپپىرىن دىدىكى ، سەرۋەرى خەتتات خېتىڭ .
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك تۇرسا دىلبەر سۇرىتى،
تىلغا جان بەخش ئەتكەن كەۋسىرى خەتتات خېتىڭ .

مىڭلىغان ئەۋلاتقا تەلىم بەرگۈچى ئۇستاز بۇدەم ،
ئۆرنىگى دەرسخانىلارنىڭ مۇنبەرى خەتتات خېتىڭ .
مىڭلىغان قامۇس ، دىۋانلار پۈتتى خەتتات ئەجرىدىن ،
ھاسىلى لۇتپى ، ناۋائى دەپتەرى خەتتات خېتىڭ .

نورۇزنىڭ نۇر زەپتىدىن گەر يەر ـ جاھان بولدى چىمەن ،
تۇزىماس مەڭگۈ چىمەنلەر نەۋبەرى خەتتات خېتىڭ .
ئەگرىنى تۈز قىلغۇچى ، دىللارغا ھىكمەت سالغۇچى ،
ئاي بىلەن چولپان مىسالى ئەختەرى خەتتات خېتىڭ .

نەچچە يۈزمىڭ ياش بۇغۇنلار ئالدى ئىلھام زوقلىنىپ ،
قىلدى پەرۋاز مەرىپەتنىڭ كەپتەرى خەتتات خېتىڭ .

# ئۇيغۇر ھۆسنخەت نۇسخىلىرى

ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ـ ئۇزۇن تارىخ ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇپ ،ئورخۇن ۋادىسىدىن يېنسەي دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان ئابىدە، دۇنخۇاڭ، تۇرپاندىكى يازما ھەم تام رەسىملىرىدىكى بېغىشلىمىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار، ئەرەپ ، پارس يېزىقىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆز مىللىتى، رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مول خەتتاتلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇ ئەسەرلەر مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىدا، ئويۇقلىرىدا، نەزىر ـ چىراق پەشتاقلىرىدا، قەۋرە ۋە قەدىمي قۇرۇلۇش تاملىرىدا ياكى قەدىمي ئەسەر ۋە قول يازما شەكلىدە كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلاردا ساقلانماقتا. تارىختا ئۆتكەن خەتتاتلارنىڭ كۆپچىلىگى دىنىي تۇسنى ئاساس قىلغان خەتتاتلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرقى زامان خەتتاتلىرى ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن، ئەنئەنىۋى خەتتاتلىق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ياخشىلاپ ۋە يېڭىلاپ، ئۇنى ھەقىقى تۈردە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئىتىگە ئايلاندۇردى.

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتى ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخي تەرەققىيات داۋامىدا نۇرغۇن داڭلىق خەتتاتلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ خەتتاتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشى بىلەن ئون نەچچە خىل خەت نۇسخىسى شەكىللەندى. بۇ خەت نۇسخىلىرىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزگىچە يېزىش ئۇسۇلى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىدا ئاساسەن: تۈز خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى، نەسخى خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، رۇقئى خەت نۇسخىسى، رەيھانىي خەت نۇسخىسى، ئىجازەت خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، كۇفى خەت نۇسخىسى، شەترەنجى خەت نۇسخىسى، دىۋانى خەت نۇسخىسى، جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى، تۆۋئەم خەت نۇسخىسى، تەسۋىرىي خەت نۇسخىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۆۋەندە بۇ خەت نۇسخىلىرىنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1) ئەسلىيە



«ئەسلىيە» دېگەن سۆز ، مەركىزىي سىزىق ، ئاساسىي سىزىق دېگەندەك لوغەت مەنىلىرىگە ئىگە .
ئەسلىيە خەت نۇسخىسى توغرا سىزىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا يېزىلىدىغان بولغاچقا كۆركەم ، سېمىز كۆرۈنىدۇ .

ئايانكى ، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى توغرا سىزىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا يېزىلىـ
ـدىغان بولغاچقا كۆركەم ، سېمىز كۆرۈنىدۇ . قىسقا ئورۇنغا ئۆزۈن جۈملىلەرنى سىغداپ يېزىشقا
توغرا كەلگەندە ، خەتلەر كۆپىنچە ئىنچىكە ، ئېگىز بولۇپ كۆركەم كۆرۈنمەيدۇ ، شۇنداقلا كىشىلەرنى
جەلىپ قىلالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن خەتنى ئەسلىيە خەت نۇسخىسىدا يازسا ، ھۆسنخەت يىراقتىن قارىغاندىمۇ
كۆركەم ، چىرايلىق ھەمدە جەلىپ قىلىش كۈچى يۇقىرى ھالەتتە كۆرۈنىدۇ .

## 2)تۈز خەت نۇسخىسى






تۈز خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا يېڭى ھەمدە ئاساسلىق نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەرپلەر ـ
نىڭ قۇرۇلمىلىرى توق، ئۇستىخانلىق، ئېگىز ـ پەسلىگى، ئۆزۈن ـ قىسقىلىقى نورمال يېزىلىدۇ. ھەرپلەر ـ
نىڭ تىك قۇرۇلما سىزىقلىرى قەلەم تومىلىقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا تەڭ ھالدا تۈز تارتىلىدۇ .
بۇ نۇسخىدا ھەرپلەر قىرسىز، سىيلىق ، كىرتىكلىرى توغرا سىزىقتىن بىر چېكىت ئېگىزلىكتە

ئۆچلۈق، باش كىرتىكلىرى سەل ئېگىز، كەڭ يېزىلىدۇ. تۈز خەت نۇسخىسىنىڭ باسما شە ـ كىللىرى مەتبۇئاتلاردا، خەت بېسىش ماشىنىلىرى، ئېلېكترونلۇق ماشىنىلاردا مەتبەئە شەكلى بىلەن ئۆز گۈزەللىكىنى نامايەن قىلسا، قولىيازما شەكىللىرى ئېلىپبە ۋە بىر قىسىم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ ھەمدە بىر قىسىم ئىدارە ـ ئورگان ، كان ـ كارخانىلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرى، يىغىن پىلاكاتلىرىدا، كۆرگەزمە، يەرمەنكە ۋە تەشۋىقات سورۇنلىرىدا چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى يۇقىرى، قوللىنىلىدىغان ئورۇنلىرى كۆپ، بولۇپمۇ سىياسىي تۇس ئالغان يىغىن ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ خەتلىرىنى يازسا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. تۈز خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەت ـتاتلىقىدا ۋەكىل خارەكتېرلىك، ئۆلچەملىك، قېلىپلاشقان نۇسخا بولغاچقا، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ يېزىشقا بول ـ ـمايدۇ. ھۆسنخەت يازغاندا ئورۇننىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، كەڭ ـ تارلىقىغا قاراپ خەتنى قورۇپ ياكى سوزۇپ ، توم ياكى ئىنچىكە يازغاندىمۇ قۇرۇلما شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك. تۈز خەت نۇسخىسى ئۆلچەملىك، قېلىپلاش ـ ـقان ۋە ئاساسلىق نۇسخا بولغاچقا، ھەۋەسكارلار بۇ نۇسخىنى ئۆگىنىشتە ئىملاسى توغرا ھالدا يېزىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

## 3) رەيھانى خەت نۇسخىسى





«رەيھان» بىر خىل گۈلگە بېرىلگەن ئىسىم، خەتتى رەيھانى لۇغەتتە خەتتاتلىقتىكى بىر خىل ھۆسنخەت نۇسخىسىنىڭ نامى بولۇپ، «بېغىشلىمىلارنى يازغاندا قوللىنىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن . رەيھانى خەت نۇسخىسى سۇلۇس نۇسخىسىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇ ھەرپلىرىنىڭ مەلۇم ئۆزگىچە خارەكتېرى ۋە يېزىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن سۇلۇس نۇسخىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىر نۇسخا بولۇپ شەكىللەنگەن.

رەيھانى خەت نۇسخىسىدا كۆپ مەزمۇنلۇق ئۇزۇن جۈملىلەرنى ياكى ماقالىلەرنى كۆچۈرسە ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ، خەتلەرمۇ قالايمىقان، كۆرۈمسىز كۆرۈنىدۇ. ئەگەر قىسقا جۈملە، بېغىشلىما، گېزىت ، ژورنال ناملىرىنى يازسا ناھايىتى چىرايلىق ھەم كۆركەم بولىدۇ.

## 4) تەئلىق خەت نۇسخىسى

تەئلىق خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ، تارىختا ئۆتكەن خەتتاتلىرىمىز ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يازغان خەت نۇسخىسىدۇر . «تەئلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئېسىپ قويغان، توختىتىپ قويغان ، كىتاپنىڭ ئىلاۋىسى ، قوشۇمچىسى دېگەندەك لۇغەت مەنىلىرىگە ئىگە. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇ خەت نۇسخىسىنى «خەتتى تەئلى» ، «خەتتى پارسى» دەپ ئاتاپ كەلگەن . كىلاسسىك قوليازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ نۇسخىدا يېزىلغان . تەئلىق خەت نۇسخىسى شوخ ۋە ئەركىن، ئىخچام ۋە گۈزەل نۇسخا بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ قايناق ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ نۇسخىدايېزىلغان خەتلەر شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنى، خۇش ناۋا قىلىۋاتقان بۇلبۇللارنى، لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن ساھىبجامال رەققاسلارنى ئەسلىتىدۇ.









تەئلىق خەت نۇسخىسى كەشتىدەك چىرايلىق ، ئوقۇشقا قۇلايلىق ، سىغىمچانلىقى يۇقىرى ، يېزىشقا ئەپلىك نۇسخا بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەرپلەر بىر ـ بىرىنى كېسىشىپ ئۆتۈشمەيدۇ ، سۆزلەر دانە ـ دانە يېزىلىدۇ . بۇ نۇسخىدا خەتلەر گەرچە بىر تۈز سىزىققا بەنت قىلىنمىسىمۇ ، لېكىن ئومومىي كۆرۈنۈشتىن بىر تەكشىلىككە يېزىلغاندەك تەسرات بېرىدۇ.

## 5) رۇقئى خەت نۇسخىسى

رۇقئى خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىغىدا تەسرى چوڭ ، قوللىنىشى كەڭ ، ئاممىباپ نۇسـ ـخىدۇر. «رۇقئى» دېگەن ئاتالغۇ ئىككىلىك خەت ، باغاق ، سالام خەت دېگەن لوغەت مەنىلىرىگە ئىگە . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، رۇقئى خەت نۇسخىسىنى 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات ياقۇت مۇستەسىم ئىجاد قىلغان ئىكەن . ياقۇت مۇستەسىم ئۆز دەۋرىدە خەتتاتلىقتا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ ، «كاتىپلارنىڭ پىر ئۇستازى» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان . 800 يىل مابەينىدە رۇقئى خەت نۇسخىسى ئەرەپ ۋە ئەرەپ يېزىغى ئاساسىدىكى يېـ ـزىقلارنى قوللىنىدىغان بارلىق دۆلەتلەرگە كەڭ تارقىلىپ ، خەتتاتلىقتا ئاساسلىق نۇسخىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.





رۇقئى خەت نۇسخىسىنىڭ ھەرپ شەكىللىرى تۈز خەت نۇسخىسىغا قارىغاندا سەل كالتە ، دىقماقراق كېلىدۇ . تىك ۋە توغرا سىزىقلىرى ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاش توملۇقتا يېزىلىدۇ ، پەرقى ئازراق بولىدۇ .

## 6) سۇلۇس خەت نۇسخىسى

سۇلۇس خەت نۇسخىسى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى ئاساسلىق نۇسخىلارنىڭ بىرى . «سۇلۇس» ھۆسنىخەتنىڭ خاس نامى بولۇپ، ماتېماتىكىدا ئۈچتىن بىر، مۇزىكىدا ئۈچ قايتىلاش، پائۇزا









دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. ئەينى زاماندا خەتتاتلارنىڭ ماھارىتى سۇلۇس نۇسخىسىدا ھۆسنىخەت يېزىش بىلەن ئۆلـ ـچەنگەن.

سۇلۇس خەت نۇسخىسىنىڭ سەلسى سۇلۇس، جەللى سۇلۇس دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. سەلسى سۇلۇستا بېزەك سىزىقلىرى قويۇلمايدۇ، جەللى سۇلۇس بولسا كۋادىرات ۋە يۇملاق، دائىرىلىك خەتلەردىن ئىبارەت .

سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا بارلىق ھەرپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى توق ۋە چوڭراق، ئۇستىخانلىق ۋە مەردانە يېـ ـزىلىدۇ. تىك سىزىقلىق ھەرپلەرنىڭ تىك قۇرۇلمىسى باشقا نۇسخىلارنىڭ ھەرپلىرىدىن ئېگىز بولۇپ، ئالـ ـتە چېكىت، ھەتتا ئون چېكىتكىچە ئېگىزلىكتە سەل سولغا مايىل يېزىلىدۇ.سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا سۆزلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى دەستىلىنىپ، ھەتتا ئايرىم ئەھۋاللاردا كېسىشتۇرۇلۇپ يېزىلىدۇ.

## 7) كۇفى خەت نۇسخسى

كۇفى خەت نۇسخسى ئۇيغۇر خەتتاتلىغدا ئانچە قوللىنلمايدىغان، تەسرى كەڭ بولمغان بىر خىل نۇسخا بولۇپ، پەقەت مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا نەقىش بىلەن بىرگە بېزەك ئورنىدا قوللنىپ كەلگەن نۇسخلارنىڭ بىرى. ھازىرقى زامان خەتتاتلىغمىزدا كۇفى خەت نۇسخسى ناھايىتى تېز ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. كۇفى خەت نۇسخسىنىڭ ۋارىيانتى ناھايىتى كۆپ . ھازىر كۇفى نۇسخسىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلى پۈتۈنلەي چۈشۈپ قېلىپ، تەرەققىي قىلىپ ئاممباپلاشقان شەكىللىرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى ۋە بارغانسېرى قېلىپلىشىپ، ھەرپلىرى قىرلىق، چېكىتلىرى يۇملاق قويۇلۇش ئارقىلىق ئۆزگىچە بىر خىل شەكىل بويىچە راۋاجلىنىۋاتىدۇ.



جۇمە ئابدۇللا 1942 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبۇيى يېزىسىدا تۇغۇلغان . 1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇزۇن يىل «قەشقەر گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلىمىدە خەتتاتلىق ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن . ئۇ 1963 ـ يىلدىن باشلاپ لوزۇنكا ، ۋېۋىسكا ، ئېلان قاتارلىقلارنىڭ ھۆسنخەتلىرىنى يازغاندىن سىرت ، قەشقەردە بېسىلغان بىرقىسىم كىتاپلارنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەش ، كىتاپ ـ ژورناللارنىڭ ماۋزۇ ۋە مۇقاۋا خەتنى يېزىش ، قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسىنىڭ پروگرامما ناملىرىنى يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يېڭى مەتبە ھەرپلىرىنى باھالاشتا بىر پارچە ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان .  شۇ يىلى قەشقەردە نەشر قىلىنغان «ھۆسنخەت ۋە گۈلچىمەن» ناملىق كىتاپىنىڭ ھۆسنخەت قىسمىنى تۈزگەن ۋە تەھرىرلىگىنى ئىشلىگەن. دىيارىمىزدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسىرى ئېلان قىلىنغان . دىيارىمىز بويىچە ئېچىلغان كۆرگەزمىلەرگە ئىككى پارچە ئەسىرى قويۇلغان . ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان كۆرگەزمىلەردە بەش پارچە ئەسىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلانغان . تىل ـ يېزىق ۋە خەتتاتلىق تەتقىقاتى توغرىسىدىكى 15 پارچە ئىلمي ماقالىسى دىيارىمىزدىكى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان .

جۇمە ئابدۇللا دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمي ھەيئەت ئەزاسى .




**جۇمەقارى ياسىن شىرمەتى**

قەيسەرلىك، ئۆملۈك ۋە ئىشچانلىقنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى بىلمەكچى بولساڭ، جۇمۇلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەت. بەلكىم، ئۇ ساڭا ھاياتلىقتىن دەرس بېرىشى مۇمكىن. ـ ئەسقەر ئىدرىس



جۇمە قارى ياسىن شىرمەتى 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تارىمدىكى بوستانلىق، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى گۈزەل يۇرت ئونسۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئونسۇ ناھىيە قىزىل بازىرىدا ئوقۇپ تاماملىغان. باشلانغۇچنىڭ 5 ـ يىللىغىدا خەتتاتلىق ئۆگىنىشنى باشلىغان. تولۇقسىز 1 ـ يىللىقتا تەتىل مەزگىللىرىدىن پايدىلىنىپ ساتىراشچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن، ئائىلە قىيىنچىلىقىنى زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ، ئائىلە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە، بىر قىسىم ئوقۇش پۇللىرىنىمۇ ھەل قىلغان.

تولۇقسىز 2 ـ يىللىقتا چىققاندا دىيارىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر گۈزەل ـ سەنئەت مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغان ۋە 2012 ـ يىلى دىيارىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل ـ سەنئەت مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئۆز قىزىقىشى بويىچە قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان .

ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ تەئلىق خەت نۇسخىسىنىڭ چېكىتلىك ئۆلچىمىنى ئۆگىنىشنى باشلىغان. قەشقەردىكى ھەرقايسى خەتتات ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئوقۇتقۇچىسى ئادىلجان مۇھەممىدى ۋە خەتتات مەمەتئېلى يۇنۇس قاتارلىق ئۇستازلاردىن خەتتاتلىقتىن بۇۋاستە تەلىم ئېلىش بىلەن ھازىرقى سەۋىيەگە يەتكەن، شۇنداقلا ئۇستازلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر قەشقەر سەنئەت مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەيسەر ھېسامىدىن مۇئەللىمنىڭ تەربىيەلىشىدە قەيسەر ھېسامىدىن مۇئەللىمنىڭ خانىئۆي رەسىم كارىدورىنى ئېچىۋاتىدۇ. خەتتات جۇمەقارى ياسىن شىرمەتى ھازىر قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر جۇمەقارى ياسىن شىرمەتنىڭ ھۆسنخەتلىرىدىن تاللانمىلار






















ياشىسۇن دوقۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققانىدۇق بىز

ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە قىزىمىز

ئازىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققانىدۇق بىز

ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەرنى بىز

قالدى بىز چۆللەرنى ئاراڭگاھى داۋانلاردا يەنە

قالدى نى-نى نارسلانلار دەشت-چۆلدە قەبرىسى

قەبرىسى قالدى دېمەك يوقلۇغۇن قىرغاقسان دالىدا

كۆل چېچەك بولغۇنچە ئاشنا باھاردا قەبرىمىز

قالدى بىز قالدى مەنزىل قالدى ئۇزاق مۇسىبى

چېقىلسا بولغان كۈچ قوللاردا كۆمۈلمەس بىزىمىز

توختىماس كارۋان بولىدۇ سەن كەپچە ئاتلار بەك ئۇزۇق

ئاتقۇسى ھېچ بولمىسا ئۇنى بىر كۈن نۇشۇرىمىز يا نە قۇرىمىز

جۇمە قارى ياسىن

# كۆيەك نەقشلەر

جولالار قاپاقتا «كۆيەك» نەقشلەر،
نەقشلەر بابىدا بۈيۈك نەقشلەر.
چاپسىدۇ ئاستىدىن ئۈنۈكنىڭ بالدىدا،
رەڭنىڭ بوياق بىرلەگەن تۈرلۈك نەقشلەر.
شۇۋقتە دەر دىلرابا تەبىئكى ئۇ،
ئۇنىغۇ ئار ھەر دىلدا سۆيۈك نەقشلەر.
يار الغاچ ئۇرە كىلىنىڭ يالقۇنى بىرلە،
شەيتانىڭنىڭ بوينىغا چولۇك نەقشلەر.
بولغۇسى نەبەدەي ئۇچمەس يادىكار،
بىز ئۈچۈن مەنىسى مولۇك نەقشلەر.

# كۆيەك سىزىقلار

مۇھەممەد ئېلى قادىرنىڭ كۆزگە رەسىمگە لەۋھە

ساپ قاندىن ساقىغان كۆيەك سىزىقلار،
دىللاردىن تارقىغان سۆيۈك سىزىقلار.
قاپاقنىڭ بەستىگە ئارمان قوندۇرۇپ،
ئۆرگە بى بالقىغان بۈيۈك سىزىقلار.

ـــ تاھىر تالىپ بېكتۆر تېشىرى

خەتتاتى: جۇمە قارى ياسىن















**جۇمه ئىنايىتۇللا**






## خاسبىكە



خاسبىكە ــــ خەمدە سەئىدئالىمنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىق گۈلزارىدا ئۆزگىچە ھۆسنخېتى بىلەن گۈزەل ـ سەنئەت لايىھەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرىككەن، ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى خەتلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرغان ئايال ھۆسنخەت شەيداسىدۇر.

ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ جۇلاسى بولغان خەتتاتلىق سەھنىسىدە ئەرلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاياللىق نازاكەت، ئەۋرىشىملىك ۋە ئۆزگىچە خاسلىق پۇراقلىرىغا تويۇنغان خاسبىكە ھۆسنخەتلىرى تەبىئىي سەنئەتلىك ئۆرنەكتە نامايان بولۇپ، ھەۋەسكار قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ گۈزەل خەت تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، يېڭىچە ئۈمىد ـ ئىشەنچ ۋە ئۈلگە ئاتا قىلىپ كەلدى.

خاسبىكە خەتتاتلىق سەھنىسىدە خانىم ـ قىزلىرىمىزغىمۇ يېڭىچە پۇرسەت ۋە ئىلھاملارنى بېرىش مەقسىتىدە ھۆسنخەتكە قىزىقىدىغان خانىم ـ قىزلارنى تەشكىللەپ، ئۈندىدارىدا «خاسبىكە خانىم ـ قىزلار خەتتاتلىق گۈلشەنى» توپىنى قۇرۇپ، ئىككى قېتىم كۆلەم، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ناھايىتى يۇقىرى بولغان «خاسبىكە خانىم ـ قىزلار خەتتاتلىق مۇنبىرى» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ، خانىم ـ قىز خەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش روھىغا ئۈنۈملۈك مەدەتلەرنى بەردى.

ئۇ ئۇيغۇر دىيارى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر دىيارى پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت تەھرىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن كىتاپ مۇقاۋا لايىھىلىگۈچىسى، ھۆسنخەت شەيداسى.

تۆۋەندە ئۇنىڭ يېڭى ئىشلەن قىلىنغان ھۆسنخەت ۋە كىتاپ مۇقاۋىلىرى ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلانغايسىلەر.

خاسبىكە ئۈندىدار ئالاقىسى: koklam—5690 710609464، تېلېفون: 18999249883


تەنىمنى قىلساڭ غەمزەڭ يۈز جاراھەت،
يېتەر ھەر زەخمىدىن جانىمغا راھەت.
نەۋائى
تەنىمنى قىلساڭ غەمزەڭ يۈز جاراھەت،
يېتەر ھەر زەخمىدىن جانىمغا راھەت.


قەلەم
دۇنيانىڭ




2015.10.6


2015.9.30





# ئىز

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.
قەبرىسىز قالدى دېمەڭ، يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل چېچەككە پۈركىنۇر ئاتقاندا باھاردا قەبرىمىز.
قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا چەۋرىمىز.


تاغدىن چۈشكەن لاي سۈيى،
سۈزۈلۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ.
ئۈزۈك باشىغا ئەم چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟
رەسسام: مۇرادىل ئابىت

































www.uchur.com


كۆڭۈل نە چاي ئىستەر نە چايخانە
كۆڭۈل مۇھەببەت ئىستەر چاي باھانە


قرامنىڭ شىرى هيچقاچان قتغ زده يوق .


2015.12.16


نەۋائى
09.02.1441—03.01.1501






2015.12.12


2015.12.14


سۆيگۈ شۇنداق نەۋباھاركى، تىكەندىن گۈل قىلۇر،
ئاشىقا جانۇ تىل بېغىشلاپ زاغنىمۇ بۇلبۇل قىلۇر.


كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغاي ئۇ غەملىك زاماندا.
ئابدۇراخمان جامى
2015.12.6









ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com








بىر ئىستاكان چاي تولدۇر، ھاياتىم كەبى قىسقا بولسۇن،
بىر چىمدىم شېكەر سال، دەردىم كەبى ئاچچىق بولسۇن.


مەن ئۆلسەم خەتلىرىم قالسا يادىكار، كېتەرمەن جاھاندىن شۇندا ئىختىيار




www.uchur.com


www.uchur.com
www.uchur.com


www.uchur.com
www.uchur.com


www.uchur.com


www.uchur.com


www.uchur.com


www.uchur.com


بابۇر


www.uchur.com


www.uchur.com


www.uchur.com


www.uchur.com
www.uchur.com


بىگۇناھ بولدۇم گۇناھكار،
سەنسىز دۇنيا ماڭا تار.
قايتىپ كېلەر يېنە باھار،
كىملەر ئۈچۈن بولمايمەن خار.
www.uchur.com


www.uchur.com
www.uchur.com


غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال
غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال


www.uchur.com


يۇر مۇھەببەتكە تۇتۇق بۇيەردىن
يۇر مۇھەببەتكە تۇتۇق بۇ يەردىن ،
تۇت قولۇمنى باقسا ئارقىغا .
قۇياش گۇۋاھ بولسۇن ئەھدىگە ،
يۇلتۇز گۇۋاھ بولسۇن ۋاپاغا .
گۈلچېھرە چوڭئەلەم ئەزىزنىڭ << ئەي ھايات قۇچاقلا مېنى>> دېگەن
كىتابىدىن ئېلىندى






سەھەردىكى ئۇيقۇ رىزىقنى كېمەيتىدۇ
سەھەردىكى ئۇيقۇ رىزىقنى كېمەيتىدۇ


الجنة تحت اقدام الامهات








گمگه قلدم بر وه فاکیم ، یوز جه فاسن گور مه دم ،
کورکورزوپ یوز میصر میکش ده ردو به لاسن گور مه دم


ئىرادە قىلغان يۈرەككە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق
مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق
ئىرادە قىلغان يۈرەككە


ئايال ئۈچۈن ئائىلە ۋەتەن ئىچرە ۋەتەندۇر
— تۇرسۇنتاي ساۋۇتوۋا
ئايال ئۈچۈن ئائىلە ۋەتەن ئىچرە ۋەتەندۇر

## خاسبكه خانىم ـ قىزلار خەتتاتلىق مۇنبىرى




**2015** ـ يىل **15** ـ يانۋار (جۈمە) چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت **2:00** دە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممۋى سەنئەت سارىيى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى) كۆرگەزمە زالىدا بىر مەيدان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك خانىم ـ قىزلار پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تونۇلغان ئايال خەتتات مۇيەسسەر ھەسەننىڭ ماسلاشتۇرۇشى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممۋى سەنئەت سارىيىنىڭ قوللىشى ۋە «خاس بىكە خانىم ـ قىزلار خەتتاتلىق گۈلشەنى» ئۈندىدار كۇلۇبىدىكى ئەزالارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قاتنىششىدا تۇنجى قېتىملىق «خاسبكە خانىم ـ قىزلار خەتتاتلىق مۇنبىرى» پائالىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

«خاسىيكە هۆسنخەت قەغىزى»گە يېزىلغان هۆسنخەتلەردىن تاللانمىلار





«خاسبكە ھۆسنخەت لايىھە قەغەزلىرى» — ھۆسنخەت ھەۋەسكارى، ئۇيغۇر دىيارى پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت تەھرىرى، كىتاب مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى خەمدە سەئىدئالىم خاسبكەنىڭ ھەۋەسكارلار ۋە خەتتاتلارنىڭ نەق مەيدان ھۆسنخېتى يېزىش، كىچىك تىپتىكى ئەسەر ئىشلەش ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن لايىھىلەپ چىقارغان ھۆسنخەت قەغەزلىرى بولۇپ، **A3** ئۆلچىمىدىكى باسما قەغىزىدە بىر يۈرۈش ئون خىل لايىھە بولۇپ ئىشلىنىپ چىقىلغان. «خاسبكە ھۆسنخەت قەغەزلىرى» بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى ۋە ئۇستاز خەتتاتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپلا قالماي يەنە، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىگە تارقىلىپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق قوراللىرى ۋە بۇيۇملىرىنىڭ تولۇقلىنىشى ۋە ئىجادىي ۋارىسلىغى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى.

تۆۋەندە ئۇنىڭ ھۆسنخەت قەغەزلىرىگە يېزىلغان ھۆسنخەتلەردىن تاللانمىلارنى كۆرۈپ باققايسىلەر .


ALPIDA.com


ALPIDA.com


2015








ALPIDA


ALPIDA.com


ALPIDA.com





خاسبکه ھۆسنخەت قەغەزلىرى كەڭ ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى ۋە ئۇستاز خەتتاتلارنىڭ كىچىك تىپتىكى ئەسەر ئىشلەش، نەق مەيدان ھۆسنخېتى يېزىش، ھەرخىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا خەت مەشقى ئېلىپ بېرىشتەك ئەمەلىي ئېھتىياجلىرىغا تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، تارقىتىلىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆپچىلىك ئۇستاز خەتتاتلار ۋە ھەۋەسكارلار قولىغا ئاساسەن يەتكۈزۈلۈپ بېرىلدى ھەم كەڭ تۈردە پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىندى. خاسبکە ھۆسنخەت قەغەزلىرىنىڭ پات ئارىدا بازارغا سېلىنىدىغان قالغان يۇرۇشلۇك بۆلەكلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ئۈچۈرلار توپلىنىپ، لايىھە، ئورۇنلاشتۇرۇش، رەڭ، قەغەز ئۆلچىمى، قەغەز سۈپىتى ۋە باسما تۈرلىرىدە تېخىمۇ ياخشىلاش ئىمكانىيەتلىرى ھازىرلاندى.






ALPIDA.com


ALPIDA.com


ALPIDA.com




ALPIDA.com


ALPIDA.com




ALPIDA.com



خاسىكە ھۆسنخەت قەغەزلىرى — ئۇيغۇر خەتتاتلىق بېغىدىكى يېڭىدىن بىخلانغان مايسا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياشلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىل-يېزىق مەدەنىيىتىگە بولغان زور قىزىقىش ۋە قىزغىنلىق دولقۇنى قوزغالغان مۇشۇنداق ئالتۇن دەۋردە خەتتاتلىق قوراللىرىنىڭ تېخىمۇ بىر قەدەم تولۇقلىنىشى، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە خەلقئارالىق ماس قەدەملىك ئىلگىرىلىشىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇيغۇسىنى ئويغاتتى.










2015
ALPIDA.com


ALPIDA.com


٢٠١٥ ٤ ٢٦


ALPIDA.com


ALPIDA.com



خاسبكە ھۆسنخەت قەغەزلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى تارقىتىش ئورۇنلىرى: ئەلپىدا ئۇچۇر تورى ۋە ئۈرۈمچى زۇلقەر ئېلانچىلىق چەكلىك شىركىتى (ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى جىلى سودا ئىشلىرى بىناسى 209 ـ ئىشخانا)، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىن ۋاكالەتچى ساتقۇچى قوبۇللىنىدۇ. «خاسبكە خانىم ـ قىزلار خەتتاتلىق گۈلشەنى» ئۈندىدار توپىغا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق سەنئىتىگە قىزىقىدىغان خانىم ـ قىزلار ئىلتىماس قىلىپ كىرىپ، مەخسۇس خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان خەتتاتلىق دەرسلىرىنى ئاڭلىسا بولىدۇ. قېتىلىش ئۈندىدار نومۇرى: koklem-5690




يېزىق شاھى خۇشخەت
سەندە كۆركەم بولۇر بەت
ALPIDA.com


ALPIDA.com




ALPIDA.com


ALPIDA.com


دونیا مهر-موهه‌بیه‌ت بله‌ن گوزه‌ل
ALPIDA.com


ALPIDA.com


ALPIDA.com


2015.5.1
ALPIDA.com




الحلم سيد الأخلاق
مولايىملىق ئەخلاقنىڭ غوجىسى
2015


2015



خاسبكه هۆسنخەت قەغىزى توغرۇلۇق تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى «خاسبكه هۆسنخەت قەغەزلىرى» ئېلان كۆزنىكىنى چېكىپ كۆرۈڭ

## خالىق پەخرىدىن



**خەيرىنسا ئىمىن**

خەيرىنسا ئىمىن 1945 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ھۆسنخەت ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلاتتى. 1962 ـ يىلدىن باشلاپ تام گېزىتى ، لوزۇنكا ، شۇئار تاختىلىرى ، ئېلان ، ۋېۋىسكا خەتلىرىنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان . 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرى دىيارىمىز ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ ، بىر قانچە قېتىم مۇكاپاتلانغان. 1987 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «يىپەك يولى» خەلقئارالىق خەتتاتلىق رەسىم كۆرگەزمىسىدە بىر پارچە ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالانغان. 1992 ـ يىلى «8 ـ مارت» ئاياللار بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار خەتتاتلىق ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان بىر قانچە پارچە ئەسىرى ياخشى ئەسەر بولۇپ باھالانغان. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆزبەكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنتتە بىر پارچە ئەسىرى كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن.

خەتتات خەيرىنسا ئىمىن دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى .

# بول ئىتتىپاق

م. تۇرسۇن

ھەرقاچان مەڭگۈ ياشاشنى ئىستىسەڭ بول ئىتتىپاق!

ئەركىن، ئازادە يۈرۈشنى ئىستىسەڭ بول ئىتتىپاق!

بەختلىك بالىلار ئوقۇشنى ئىستىسەڭ بول ئىتتىپاق!

خەلقئارا ئىنسان بولۇشنى ئىستىسەڭ بول ئىتتىپاق!

15.6.1991



ۋەز-نەسىھەت

ئادەم سەن ئادەمچە ئىززىتىڭنى بىل،
ۋەتەن، خەلق يۈكلىگەن خىزمىتىڭنى بىل.
ناۋادا ئەرشكە يەتسىمۇ بېشىڭ،
مەنتىن خالىي بولغان قىممىتىڭنى بىل.

خەيرنىسا ئىمىن يازغان

ئۆز يۇرتۇڭ ئالتۇن بۆشۈك.



**دىلبەر ئەركىن**



دىلنۇر قۇندۇز




راخمانجان توختى








ئوزاق ياشاشتىن كۆرە، توغرا
ياشاشنى بىلىش مۇھىمدۇر

## رۇسۇل ئابلىز





## رۇسۇل مۇھەممەت
















**رېھىمجان ئەركىن** (ئەينەك پارچىلىرىدا يېزىلغان)



**رېھىمجان ھەبىبۇللا فىراقى**














ئەلف بولماق ا مۇشكۇل چۇنكى
ئۇ بولماق يۇملاق دۇنيادا ئىتىك
تۇرماقتۇر، ئۇشۇ ئازكە چىمەي تۇردۇشتۇر
فرأمي













**رىشات نائىل ھۆسنخېتى**













**سدىقجان ئەيسا بۇلاقى**



**شاۋكەت شەپقەت**



# شەمسىددىن سالاھىددىن



1992 ـ يىلى  ئاقسۇ ۋىلايەت ، ئاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . 1999 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئىككى يىل ئەتراپىدا پاكىستان ، يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەردە بولغان . 2002 ـ يىلى سۈرىيە ، دەمەشققە ئورۇنلاشقان . شۇ ئاساستا كىچىكىدىن باشلاپلا ئەرەپ تىلى  مائارىپىنى قوبۇل قىلىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەرەپ تىلىدا پۈتتۈرگەن . 2012 ـ سۈرىيەدە بولغان ئۇرۇش تۈپەيلى مىسىرغا كەلگەن ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىغا تىزىملىتىپ ، 4 يىلدىن كېيىن تەپسىرشۇناسلىق پاكۇلتىتىنى ئەلا باھادا پۈتتۈرگەن .

بۇ يىل (2018 ـ يىلى) تەپسىرشۇناسلىق بۇيىچە ماگېستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ .

2013 ـ يىلدىن   باشلاپ ئىزچىل قارىلىقتا مۇدەررىسلىك  قىلىپ كېلىۋاتىدۇ .

ئۇنىڭ ئەرەپچىگە بولغان ئىشتىياقى قانچە يۇقىرى بولسا ، ئەرەپچە شېئىر ۋە ئەرەپچە ھۆسنىخەتكە بولغان ئىشتىياقىمۇ شۇنچە يۇقىرى . شۇڭا ، 2006 ـ يىللا ئەرەپچە ھۆسنىخەت دۇنياسىغا كىرىپ نۇرغۇن ئەرەپچە ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى يازغان . ئوقۇش ئالدىراشلىقى بىلەن بىر مەزگىل خەتتاتلىقنى داۋاملاشتۇرالمىغان . شۇنداق بولسىمۇ ئاللاھقا شۈكرى ، ئەرەپ ئەللىرىدە بەش قېتىم قۇرئان يېزىش خەلقئارالىق مۇسابىقىدە 1 ـ بولغان مىسىرلىق خەتتات ئەھمەد فارىستىن سۇلۇس نۇسخىسىنى ئىگەللەپ ئالاھىدە يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن . يەنە خەتتات ئەھمەد ئەمىن بىلەنمۇ ئىزچىل ئالاقىدە بولۇپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

جەنابىي ئاللاھ قېرىندىشىمىزنى مۇراد ـ مەخسەتلىرىگە يەتكۈزگەي ، ئامىن !

تۆۋەندە بىر قىسىم ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ باققايسىلەر .













لا تدبّر لك أمراً
فذو التدبير هلكى
١٤٣٩


رمضان مبارك


ئۇيغۇرۇم ئىسلامىيەت ئىماندىن ئايرىلمىسۇن
ئۇيغۇرۇم ھەققانىيەت ۋىجداندىن ئايرىلمىسۇن


الله


شهر رمضان الذي أنزل فيه القرآن
رامزان موبارەك






محمد بشر لا كالبشر
بل هو كالياقوت بين الحجر


يۇسۇپ خاس ھاجىپ




وما توفيقي إلا بالله


مولانا


عيد الفطر المبارك


هو الباقي









ئادەمنىڭ ئۆمرى
قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ،
باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ.
خەتتات: شۆھرەت سادىق


شۆھرەت سادىق يازغان







ئۇستاز ئەجرى گۈللىنىدۇ،

مەرىپەت مەشئىلى ئۆچمەيدۇ.

— بەرداش




## شرئەلى ئابلا



شرئەلى ئابلا 1976 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسى خانقىئاتام يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى بىلەن خەتتاتلىق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ ، ھازىرغىچە 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى دىيارىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رەسساملىق، ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرىدە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. تىجارەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر مەزگىل خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللىنالمىغان بولسىمۇ، يۈرىكىدە يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان بىر ئوت ئۇنى ئاخىر يەنە خەتتاتلىق باغچىسىغا قايتۇرۇپ ئەكەلدى، ئۇ بۇ قېتىم باشقىچە يول بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىدى. گۈزەل سەنئەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق ئۇنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ساپالچىلىقىغا خەتتاتلىقنى بىرلەشتۇرۇپ ئەسەر ئىشلەپ بېقىشقا ئۈندىدى ، دەسلەپكى سىناق

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ھەم ئۇيغۇر خەتتاتلىغى ئۇنىڭ ساپال بۇيۇملىرىدا جۇلالىنىشقا باشلىدى، شىرئەلى ئابلا نۇۋەتتە بۇ كەسىپ ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتىدۇ . تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ بىر قىسىم ھۈسنىخەت ئەسەرلىرى :























**غەفۇرجان جاپپار**



غۇپۇرجان







**غۇپۇرجان سدىق**




بۇ دۇنيا كېتەر، قايتا كەلمەس نېسىپ
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ


ياخشى ئىشنىڭ جاپاسى ئۆتەر، ساۋابى قالدۇ،
يامان ئىشنىڭ لەززىتى ئۆتەر، ئازابى قالدۇ.


مەشئەل، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئاسىسىنى
يورۇتقۇچى قۇياش، مىللەتنىڭ ياقۇتى، دۆلەت مۆھىبى.
— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# قاينام جاپپار



پەخىرلىك خەتتات ۋە فوتوگرافىمىز قاينام جاپپار ئەپەندى 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى ئاخبارات ـ نەشرىيات خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ، دىيارىمىز فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ شۇنداقلا مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقات يۇرتى خەتتاتلار ـ رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، دۇنيا تىل ـ يېزىق سەنئىتى كۆرگەزمىسىنىڭ تەكلىپلىك سەنئەتكارى . ئۇ 1976 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە سابىق شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىنچىكە ئىگىرىش سېخىنىڭ رېمونتچىسى، پەرزەنتلەر مەكتىۋىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»گە يۆتكىلىپ، گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، فوتو سۈرەت مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن. نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى ۋە بىر پارچە ۋەكىللىك ئەسىرى «جۇڭگو ھازىرقى زامان خەتتاتلىرى لۇغىتى» (1993 ـ يىلى بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)گە كىرگۈزۈلگەن؛ 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا باشقا خەتتاتلار بىلەن بىرلىكتە ئىجاد قىلغان «مىڭ مېتىرلىق ھۆسنخەت ئەسىرى يۆگىمى» ئەسىرى «جۇڭگو گۈزەل ئەخلاق چوڭ لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، تەشكىلىي ھەيئەت ئۇنىڭغا «مېھرىبان خەتتات» دېگەن شەرەپلىك نامنى تەقدىم قىلغان؛ 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بېغىشلانغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش خەتتاتلار ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» قاتارىدا بىر نەچچە پارچە ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كىتاۋى نەشر قىلىنغان؛ 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەكلىپكە بىنائەن كورىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «كورىيە ـ جۇڭگو خەلقئارا خەتتاتلىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشقان. 2008 ـ يىلى پىنسىيەگە چىققان .

1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، «تارىم» ژورنىلى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا ئۇنىڭ 3000 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت، فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1989 ـ يىلدىن كېيىن ئىجاد قىلغان 100 پارچىغا يېقىن ھۆسنخەت ئەسىرى «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى» (1997 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ۋە «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ھۆسنخەت ۋە ئۈرنەك رەسىملەر» (1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتاپلارغا كىرگۈزۈلگەن؛ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى جۇڭگونىڭ ئىچى ـ سىرتىدا نەشر قىلىنغان مۇھىم كىتاپلارغا كىرگۈزۈلگەن؛ قىسمەن ئەسەرلىرى ئۆزبېكىستان، پاكىستان، مالايسىيا، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە كۆرگەزمە قىلىنغان. ئۇ 1987 ـ يىلى ئۈرۈمچى رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەق مەيدان خەتتاتلىق ماھارىتى كۆرستىش مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن؛ 1994 ـ يىلدىن ھازىرغىچە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن. 1995 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆز ئالدىغا تۇنجى قېتىم ھۆسنخەت، فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. قاينام جاپپار توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە كۆپ قېتىم خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىپ نۇرغۇنلىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ ئەجىر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلىرى تۈرلۈك خەتتاتلىق مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن .«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»دە ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن، 1998 ـ يىلى دىيارىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئەخلاق ۋە كەسىپتە تەڭ يېتىشكەن سەنئەتكار» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. قانۇنغا ئائىت ئىككى پارچە تەپسىلى خەۋىرى 1 ـ دەرىجىلىك، باشقا تېمىدىكى ئۈچ پارچە ئەسىرى 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»غا، 2009 ـ يىلى بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى كورىيە، جۇڭگو، ياپونىيە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا يېزىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى»دە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ، بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 3 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى»غا ، 2011 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك گۈزەل ـ سەنئەت سارىيىدا «ئانا يۇرتقا مۇھەببەت» تېمىسىدىكى فوتو ـ سۈرەت، ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، كەڭ جامائەتچىلىك ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرىنىڭ بىر قىسمى:



























ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# قۇربانجان ئەخمەت نىرانى











www.nirani.cn


www.nirani.cn


www.nirani.cn


www.nirani.cn



















**قۇربانجان رۇزى شەيدائى**





**ئۇيغۇر دىيارى**

خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، تونۇلغان تالانتلىق ياش خەتتات قۇربانجان روزى شەيدائى 2016-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۇيغۇر **ئۇيغۇر دىيارى** خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئەسلى، 3-ئاينىڭ 6-كۈنى قەشقەر پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئۇسۇپ يېتىلگەن داڭلىق خەتتات قۇربانجان روزى شەيداسىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى . پائالىيەتكە پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، قۇربانجاننىڭ ئۇستاز-شاگىرتلىرى، دوستلىرى ۋە ئاتاغلىق يازغۇچى، شائىرلار، خەتتاتلار، بىر قىسىم ھەۋەسكار ۋە مۇخبىرلار بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئىدى.

تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەر مانا شۇ چاغدىكى گۈزەل ھۆسن خەتلەر ۋە قايناق ئاممۋىي كەيپىياتنىڭ ئىپادىسىدۇر:










Diyarim.com
Diyarim.com
seidiye.com
xapxup.net
www.salkin.cn












































سۆيگۈلەر سۇلتانى ۋەتەن سۆيگۈسى
خەتتات قۇربانجان روزى شەيدانى




ياخشي كتاب جان نوري




















قەلبنى داۋالىماي تۇرۇپ،
بەدەننى داۋالىغىلى بولماس.


ئۆزۈڭگە نەشتەرنى كۆرمەك راۋا،
باشقىلارغا نەيزە كۆتۈرمەك ئەسلا.






يولداش بولما يامان بىلەن

































قەييۇم ئابدۇرېھىم







## قەييۇم مۇتەللىپ



قەييۇم مۇتەللىپ 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە تۇغۇلغان . 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ دەسلەپ لوزۇنكا ، شۇئار تاختىلىرىنى ، ۋىۋىسكىلارنى يېزىشتىن پەيدىن ـ پەي دەرسلىك ، مۇقاۋا خەتلىرى ، ماۋزۇ ۋە گېزىت سەھىپە تامغىلىرىنى ئىشلەشكە ئۆتۈپ ، خەت نۇسخىلىرىنى توغرا يازالايغان ماھارەتنى ئىگەللىگەن . ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ، «تەڭرى تاغ» ژورنىلى قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ خۇشخەت ۋە ھۆسنخەتلىرى دىيارىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن خۇشخەت مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان .

خەتتات قەييۇم مۇتەللىپ جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى دىيارىمىز شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى .









ئىناق بولسا ئوتتا-يالقۇندا ئىنسان،
ئىناق كىشىلەرگە شۇ ئوتمۇ ئاسان.
ئىناقسىز كىشىلەر سۆھبىتىدىن قاچ.
ئىناقسىز سۆھبىتى يامانلىقتىن يامان.

— ئۆمەر رەھىم پەيام

باشقىلارنى قەستلەپ گۆمران
قىلىشقا ئۇرۇنغانلار ئاخىرقى ھېسابتا
ئۆزلىرى گۆمران بولماي قالمايدۇ. «ئورنىكىم
كولىسا، شۇ چۈشىدۇ» دېگەن ئەنە شۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






## كېرىم خوجا



ئۇيغۇر دىيارى خەتتاتلار جەمئىيىتى ۋە پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى شۇنداقلا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تونۇلغان ئۈن ـ سىن ـ كىتاپ مۇقاۋا لايىھىلىگۈچىسى، ئۇستاز خەتتات كېرىم خوجا 1963 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كورلا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن.

1982 ـ يىلى مەركىزىي ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنستىتۇتى سودا گۈزەل سەنئىتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1985 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دىيارىمىز سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان.



كېرىم خوجا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن رەسىم فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش تەلىۋى بويىچە سىدام سىزما، دۇغ بوياق رەسىم، بېزەك رەسىم، خەتتاتلىق، ماركا لايىھىلەش قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، شۇنداقلا مەكتەپ ۋە فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ داڭلىق رەسسام ۋە خەتتات غازى ئەھمەدنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، خەتتاتلىقتا خەلقئارا ئۆلچەمنى ئۆلگە قىلىپ ئۆگەندى. ئۇ يەنە دىيارىمىزدىكى داڭلىق خەتتاتلاردىن نىياز كېرىم شەرقى، ئابلىق ھوشۇر، سۇلايمان ئىسمائىل خالى، قاينام جاپپار، قۇربانجان روزى شەيدائى قاتارلىق خەتتاتلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەشر قىلدۇرغان كىتاپلىرىدىن پايدىلىنىپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ يېڭىچە دەرسلىك قوللانمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. فاكۇلتېت رەھبەرلىگى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، كەسپىي ئەخلاقى ۋە خىزمەتتىكى نەتىجىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەسىم فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ئىسكىلاتىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكىلات باشقۇرۇش خىزمىتىنى جانلىق ۋە تەرتىپلىك ئىشلەپ، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. ئۆزلۈكسىز تىرىشىش ۋە ھەرۋاقىت يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆزىگە مىزان قىلغان كېرىم خوجا خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دىيارىمىز ئۈن ـ سىن نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىدىغان ئۈنئالغۇ

لېنتىلىرىنىڭ مۇقاۋا لايىھىلەش ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ، دىيارىمىز ئۈن-سىن ساھەسىدىكى دەسلەپكى تۆھپىكارلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

مۇقاۋا لايىھەسىنى باھالاش مۇسابىقىلىرىدە ئۈزلۈكسىز تۆردە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بۇ جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان كېرىم خوجا **1989**-يىلى دىيارىمىز ئۈن-سىن نەشرىياتىنىڭ كۆچلۈك تەكلىۋىگە ئاساسەن بۇ ئورۇنغا يۆتكىلىپ چىقىپ، تا ھازىرغىچە بىردىن-بىر گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ **30** يىللىق خىزمەت ھاياتىدا نۇرغۇن نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب مۇقاۋىسى، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى، **CD**، **VCD**، **DVD** پىلاستىنكىسى قاتارلىق مىڭ خىلغا يېقىن نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەش، ئوراپ قاچىلاش ۋە بېزەش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، **100** خىلدىن ئارتۇق ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.




ئۇ لايىھەلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق سەنەملىرى»، «ئاۋات دولان مۇقام مەشرەپلىرى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتى قامۇسى»نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى، «ئون ئىككى يۇرۇش ئەلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «بالا نەسىردىن ئەپەندى»، «قازاق باللار چۆچەكلىرى» قاتارلىق ئۈن-سىن بۇيۇملىرى دىيارىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن نەشر بۇيۇمى مۇكاپاتى ۋە

لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن سىرت، ئۇنىڭ چوڭ تىپتىكى ئوراپ بېزەش لايىھىسىدىن «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتى قامۇسى» جۇڭگو ۋە دىيارىمىز بويىچە ئىلغار نەشر بۇيۇمى مۇكاپاتىغا، شۇنداقلا باشقا نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كېرىم خوجا ئۇستا لايىھىلىگۈچى بولۇپلا قالماي، يەنە داڭلىق خەتتات. ئۇ دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتى ۋە پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى شۇنداقلا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. كېرىم خوجا يەنە دىيارىمىز مائارىپ نەشرىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دىيارىمىزدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 2-، 3-، 4- يىللىقلارنىڭ ھۆسنخەت دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە بۇ دەرسلىكلەر قازاقچە، قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

2010-يىلى دىيارىمىز ئۈن-سىن نەشرىياتى كېرىم خوجىنى نەشرىياتقا ۋاكالىتەن ئىراندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق كىتاپ يەرمەنكىسىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەرمەنكىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئىران ۋە تۈركىيەنىڭ نەشرىياتچىلىق، خەتتاتلىق، نەققاشلىق، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىگە ئالاھىدە قىزىقتى ۋە يېڭى ئىلھام ، يېڭى ئىزدىنىشلەرگە ئېرىشتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ۋە خەتتاتلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل رەڭلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدە يېڭىچە بولغان رەڭ تەڭشەش قائىدىسىنى ئىجاد قىلىپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. نەتىجىدە كېرىم خوجا ئۇيغۇر خەت-تاتلىق سەنئىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى بىردىن-بىر ئۆزىگە خاس رەڭ تەڭشىگۈچىسى ۋە سىياھ ئىشلىگۈچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان يۇرۇشلۇك رەڭلىك سىياھ خەتتاتلىق ساھەسىدىكى ئۇستازلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن باشقا، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ئۈچۈن يول ئاچتى.

ئۇستاز خەتتات كېرىم خوجا ئالاقىسى: **13565830008**

ئۇستاز خەتتات كېرىم خوجىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار






بلکوچ توری












بلكۈچ تورى


بىلكۈچ تورى





بنلکوچ توری



ALPIDA.com
بنلکوچ توری




بلکوچ توری






ALPIDA.com


ALPIDA.com


ALPIDA.com


ALPIDA.com

# گۈلباھار قاسىم ھېكمەتلىرى فىراقى ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جۇلاسىنى ئۆز ھۆسنخەت ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزگە سۇنۇۋاتقان، باشئەگىم دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان، سارتىكىن مەدەنىيەت تارقىتىش شىركىتى كەسپى خەتتاتى، ئوغلانى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنى كەسپى خەتتاتى رېھىمجان ھېبىبۇللا فىراقىنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، خۇشدىل كوللىكتىپ مەسلىھەت يېتەكلەش مەركىزى بىلەن ئوغلانى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنى ھەمكارلىقىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىلىم يىغىلىشى، شۇنداقلا خۇشدىل كوللىكتىپ مەسلىھەت يېتەكلەش مەركىزىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېھىمجان ھېبىبۇللا فىراقىنىڭ ئۇيغۇر خەتتالىق ئەسەلىرى ئىجادىيەت گۈلدەستىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان مىننەتتارلىق پائالىيىتىدۇر.

بۇقېتىمقى كۆرگەزمىدە گۈلباھار قاسىم خانىمنىڭ ئۆز ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن خۇلاسىلەنگەن بەخت يولى، ئىنسانىي مېھرى مۇھەببەت توغرىسىدىكى قەلىپ سۆزلىرى، كىشىگە ئىلھام، ئېنېرگىيە بولىدىغان، ئادەمنى ئالغا ئىنتىلىشكە يېتەكلەيدىغان چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەتلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، بۇ مەنىلىك ئىبارىلەر كەسپى خەتتات رېھىمجان ھېبىبۇللا فىراقىنىڭ قەلىمى بىلەن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىن تەۋەرۈك خوتەن قەغىزىگە ئۆزگىچە، كۆركەم، نەپىس، ھۆسنخەت ئەسەرلىرى قىلىپ ئىشلىنىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا سۇنۇلدى.

بۇنەپىس ، كۆركەم خەتتاتلىق ئەسەرلىرى قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىچە، ئىجادىي بولۇشى، شەكلىنىڭ كۆركەم نەپىس بولۇشى بىلەن خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەللىگىنى نامايان قىلىپلا قالماي، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشكە، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگەللەشكە، سەممىيلىككە، راستچىللىققا، ئىنسانىي مېھر ـ مۇھەببەتكە يېتەكلەيدىغان چوڭقۇر مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بەدىئىي قىممەت ھاسىل قىلغان.

بۇقېتىمقى كۆرگەزمىگە يەنە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى فىراقى بەيگىسى ئىلىم توپىدىكى خەت شەيدالىرىنىڭ ئەسەلىرىمۇ قويۇلغان بولۇپ، خەت شەيدالىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىگى فىراقى خەتتاتلىق ئەسەلىرى بىلەن بىرلىكتە خەلقىمىزگە سونۇلىدى. كۆرگەزمىگە دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىۋى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، تونۇلغان تالانتلىق خەتتات قۇربانجان رۇزى شەيدائىي ئۇستاز، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، دىيارىمىز پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ـ رەسساملىق ئىلمى جەمئىيتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ياش تۆھپىكار خەتتات ئەرشىدىن راشد ئەپەندى قاتارلىقلار ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.




رەھىمجان ھەبىبۇللا فىراقىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى


خۇشدىل
پىسخىكىلىق مەسلىھەت كوللىكتىپ يېتەكلەش مەركىزى
گۈلباھار قاسىم 13139684126 ھەبىبە زەيدىن 18909911654 پاتىگۈل ھېيت 13899836777
ئوغلانى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى
ئوسمانجان مۇھەممەد ئوغلانى 13899002194
رەھىم ھەبىبۇللا فىراقى 18799828927
باشئەگىم خەتتاتلار سارىيى
كىتاب لايىھەلىگۈچى : غەفۇرجان جاپپار
138 9908 4472




مەۋلانجان مەمەتتۇرسۇن




16-10-28 12:14




**مۇختەر مەخەت بۇغراخان**






**مۇستافا قۇربان جەزىرى**







**مۇقەددەس قادىر**




**مۇھەممەت ئابدۇللا قاراقاش**





**مۇھەممەتجان ئەبەيدۇللا شەپقەت**




بىلىم ئۇيورۇقلۇق يورۇتقاي سېنى
ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى


چېچەن ھەم بىلىملىك بولغان ئادەم
ئېرىشكەي ھەر ئىشتا ئۇتۇققا ھەردەم
«قۇتادغۇبىلىك»تىن —



## مۇھەممەت رازىيۇۋ



مۇھەممەت رازىيۇۋ 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . ئۇ نۇرغۇنلىغان خەتتاتلىق ، نەققاشلىق ئەسەرلىرىنى ياراتقان ۋە كۆرگەزمىلەرگە قويغان . مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان . خەلقئارالىق «يىپەك يولى خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى» دە بىر پارچە ئەسىرى بىر پارچە ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» ، پىشقەدەم كادىرلارنىڭ غەربى ـ شىمال ، غەربى ـ جەنۇپ ۋە دىيارىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىدە ئۈچ پارچە ئەسىرى 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن . كىتاپ ، ژورناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىنى ئىشلىگەن ، خەتلىرىنى يازغان . دىيارىمىزنىڭ بىر قانچە ئوبلاست ، ۋىلايەت ، شەھەرلىرىدە تەكلىپ بويىچە ئۇيغۇر خەتتاتلىغى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھۆسنىخەتچىلىگى دېگەن تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىگەن . ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەن . شاگىرت تەربىيىلىگەن . ئۇيغۇر خەتتاتلىغى بويىچە «ئۇيغۇر خەتتاتلىغىدىكى ئىجادىيەت» ، «ئەمەلىي قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر ھۆسنىخەت نۇسخىلىرى» قاتارلىق ماقالىلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1987 ـ يىلى 14 ئۆلكە ۋە دىيارىمىزدىكى داڭلىق خەتتاتلارنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى «شىمالى جۇڭگودا باھار» ، 1989 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ، 1990 ـ يىلى «جۇڭگو ھازىرقى زامان داڭلىق خەتتاتلىرى لۇغىتى» قاتارلىق كىتاپلاردا ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان . 1989 ـ يىلى 2 ـ دەرىجىلىك «گۈزەل سەنئەتچى» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن .

خەتتات ۋە نەققاش مۇھەممەت رازىيۇۋ جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ـ رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى .






ئەلگە يامانلىق ئەيلىگەننى ئارىغا ئالماس ھېچ كىشى

# ياخشىلىغىنى قارىسا بولغۇسىدۇر بوستان

بىلىقچىنىڭ بىلىقتا
قارماق تاشلىشى —
نەپسىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن؛
بىلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشمۇ
ئۆز نەپسى ئۈچۈندۇر.

— ئەلىشىر ناۋائىي


ئەجدادلار ئۈچۈن
ياش تۆك،
ئەۋلادلار ئۈچۈن
تەر تۆك.
ناۋائى نەدە؟
مەن بىر دانىشمەندىن سورىدىم :
— ھەي دانىشمەن، ناۋائى نەدە ؟
دانىشمەن ئېيتتى :
— ئۇنىڭ جىسمى تۇپراقنىڭ كۆك-
سىدە، غەيرەت-شىجائەتكە باي
ئۇمىتۋار روھى بولسا كىشىلەر قەلبى-
دە، بىزگە قالدۇرغان ئۆچمەس
ئىزى بولسا بىلىم خەزىنىسىدە.



مۇھەممەت ئېلى مۆمىن



مۇھەممەت ئېلى يۇنۇس







ئالەمدە ئۇلۇغۋار ئىنسان مۇئەللىم
ئىلىم - پەن كۆكىدە چولپان مۇئەللىم
قەلبى شاد سۈپسۈزۈك ئاسمان مۇئەللىم
ياڭرىتاي شەنىگە داستان مۇئەللىم

سېنىڭسىز يېتىشمەس سەنئەتكار، ئالىم
جەڭچى ھەم ئۇچقۇچى، يازغۇچى، خادىم
ۋە ياكى سپورتچى، سېستىرا، خانىم
ھەممىنىڭ كۆزىنى ئاچقان مۇئەللىم

قانداق سەن ئەل ئۈچۈن بارىڭنى تەقدىم
ھۆرمەتلەپ بېشىدا كۆتىرەر خەلقىم
ياشناتتىڭ ئۆمرىڭنى بۇ باھار پەسلىڭ
كامال تاپسۇن ئۇلۇغ ئىنسان مۇئەللىم

# مۇھەممەدجان ئۆمەر ئەرك



خەتتاتلىق ۋە رەسساملىقتىن ئىبارەت ئاجايىپ رەڭدار بولغان سەنئىتىمىزدە ئۆزگىچە تەپەككۇر بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرلەپ، بۇ ئىككى سەنئەت تۈرىنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئاجايىپ ئېسىل ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ «ئەنئەنە ۋە خەتتات» گۈلزارلىغىنى تەشكىللىگەن «ئاللاھىدە سان» مۇكاپاتلىق ھۆسنخەت پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشىپ، داڭلىق نەققاش ئەلى ئابدۇرېھىم مۇئەللىمنىڭ تۆجۈپىلەپ سىزغان نەقىش قەغىزىگە ئېرىشكۈچى باشئەگىم يىگىتى مۇھەممەدجان ئۆمەر ئەرك قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى كورلا شەھىرى چاھارباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. كىچىگىدىن باشلاپ خەتتاتلىق، رەسساملىق سەنئىتىگە ئۆتتەك ئىشتىياق باغلىغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى غەفۇرجان جاپپارنىڭ بايقىشى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىغى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە رەسساملىق، خەتتاتلىق ئاساسىي ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن 2003-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن بايىنغولىن پىداگوگىكا مەكتىپىنىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش مەزگىلىدە، بايىنغولىن پىداگوگىكا مەكتىپىنىڭ كەسىپتە پىشقان، تەلەپچان ئۇستازى تۇرغۇن مۇھەممەدنىڭ يېتەكلىشى بىلەن گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق كەسپى بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، پۇختا كەسپىي ماھارەت ھازىرلىغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەتتاتلىق، رەسساملىق كەسپىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ، ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. نۇرغۇن ئەسەرلىرى ھەر دەرىجىلىك كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. كۆپ قىسىم ماي بوياق، خەتتاتلىق ئەسەرلىرى «كىرۋران» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى ۋە بايىنغولىن گېزىتى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان، شۇنداقلا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن . 2006-يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، بۇ مەزگىلدە خىزمەتتىن سىرت ئىزچىل خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت، ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ، كومپيۇتېر گۈزەل سەنئەت لايىھىسى، فوتو-سۈرەتچىلىك، فىلىم ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەردە مۇكەممەل بولغان تېخنىكا ئاساسىنى يېتىلدۈرگەن. 2012-يىلدىن باشلاپ دىيارىمىز ئۇن-سىن نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، رەڭ تەتقىقاتچىسى، پىشقەدەم خەتتات كېرىم خوجا ئۇستازنىڭ يېتەكلىشىدە، خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە خەتتاتلىق مەشقى ئېلىپ بارغان.



مۇھەممەدجان ئۆمەر ئۆزى ئۆتتەك ئىشتىياق باغلىغان خەتتاتلىق، رەسساملىق سەنئىتىدە تىنىماي مەشىق قىلىش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، تىرىشىپ تەتقىق قىلىش، پىشقەدەم خەتتات ئۇستازلاردىن تەلىم ئېلىپ، خەتتاتلىق ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر خەتتاتلىغىدا كاتتا يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەن. ئۇ 2013-يىلدىن باشلاپ، خەلقئارالىق خەتتاتلىق ئۆلچىمى بويىچە ئىجادىيەت يارىتىپ، بىرقانچە يىل جاپالىق تەييارلىق قىلىش نەتىجىسىدە، 2015-يىلى باشئەگىم دىيارىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا ئۆلچەمدىكى خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى «نەشپۈت يۇرتىدا نورۇز» ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېچىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئۇستازلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، شۇ قېتىملىق خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئوبلاست ۋە شەھەر بويىچە زور تەسىر قوزغىغان ھەم كورلا شەھىرىنىڭ خەتتاتلىق ئىشلىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ئاساس سالغان.



شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەدجان ئۆمەر ئەرك ئۆزى داۋاملىق خەتتاتلىق ئىجادىيىتىگە چوڭقۇرلاپ چۆكۈش بىلەن بىرگە، ياش ئىزباسار ھەۋەسكارلارنى خەلقئارا خەتتاتلىق ئۆلچىمى بويىچە تەربىيەلەشكە بەل باغلاپ، دىيارىمىزنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىغىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئۇ ھازىر دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە پىشقەدەم رەسساملار، خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. نۆۋەتتە، مۇھەممەدجان ئۆمەر ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، غايىسى ئۈچۈن سەنئەت يولىدا تەۋرەنمەي قەدەم بېسىۋاتىدۇ،

تۆۋەندە بىر قىسىم ئەسەرلىرى بېرىلدى.


























پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ ۋاقتىڭنى ھەرگىز بوشقا ئۆتكۈزمە
خەتتات: مۇھەممەدجان


خەتتات: مۇھەممەدجان


سەن مېنىڭ بەختىم
مۇھەممەد روزى يارقىن شېئىرى







# مۇھەممەد ئىدرىس



مۇھەممەد ئىدرىس 1930 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ مەكتەپتە ھۆسنخەت يېزىشتا داڭلىق خەتتات مەرھۇم ھامۇت قازى ئاخۇن داموللامدىن تەلىم ئالغان . 1952 - يىلى دىيارىمىز ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا مۇزىكانت بولغان . 1965 - يىلى ئىتتىپاق تىياتىرىدا ئىشلىگەندە خەتتاتلىق بىلەن رەسمىي شۇغۇللىنىشقا باشلىغان . 1978 - يىلدىن باشلاپ ھۆسنخەتنىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىلىرى ۋە ئالاھىدىلىگىنى ئىگەللەپ ، ئەسەر تەييارلاپ 1984 - ۋە 1986 - يىللىرى ئۆز ئالدىغا ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئاچقان . ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 100 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى ھەرقايسى ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرىگە قويغان . ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرىدە 3 پارچە ئەسىرى 1- ۋە 2 - دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن . ھەرخىل نۇسخىدا يازغان كۆپلىگەن ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى» ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان. كۇرس ئېچىپ ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ «تەئلىق» ، «سۇلۇس» نۇسخىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، تەكرار مەشىق قىلىش نەتىجىسىدە بۇ نۇسخىلارنى بىر قانچە خىل شەكىلدە يېزىش ئۇسلۇبىنى ياراتقان . 1987 - يىلى ئىچكىرىدە نەشر قىلىنغان 14 ئۆلكە ، شەھەر ۋە دىيارىمىز تەۋەلىگىدىكى داڭلىق خەتتاتلارنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندىغان «شىمالىي جۇڭگودا باھار» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان . 1989 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ، 1990 - يىلى ئىچكىرىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان داڭلىق خەتتاتلىرى لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلاردا ئۇنىڭ تەرجىمەھالى ۋە ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان . 1989 - يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەتچى ئۇنۋانىنى ئالغان.

خەتتات مۇھەممەد ئىدرىس جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، دىيارىمىز پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى ، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى .








ئەقىل ھەم بىلىم تەن جېنى بولسا،
روشەن كۆڭلىنى يورۇتقۇچى بىل


ئەقىل
بىلىم
ئەقىل - بىلىم - مال - مۈلۈك،
بايلىقتىن ياخشى. ئەقىل بىلىم
بولسا، بايلىق ئۆزى كېلىدۇ.
لېكىن ئەقىلنى، بىلىمنى پۇلغا
سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ.
بىلىم بولمىسا مال - مۈلۈك،
بايلىق قولدىن كېتىدۇ. تۈ-
گەيدۇ. ئەمما ئەقىل - بىلىم
ئاۋاملىق ئىگىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ.
دۇنيادا بىلىمدىن
ئارتۇق بايلىق
يوقتۇر. ئەي ئوغۇل
تىرىشقىن بىلىم ئال.
«قابۇسنامە»دىن




ئادالەت
ئادالەت نۇرى بىرلە
مەملىكەتنى قىلدى نۇرانە،
ئادالەت بولۇر روشەن
جاھانغا مايە ئايىنە.








بسم الله الرحمن الرحيم






بسم الله الرحمن الرحيم


العلم عز الدنيا وشرف الآخرة.
اطلبوا العلم من المهد الى اللحد.
اطلبوا العلم ولو كان بالصين











**مۇيەسسەر ھەسەن**

مۇيەسسەر ھەسەن 1964 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى. ئۇ ھازىر جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ـ رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مۇيەسسەر ھەسەن كىچىكىدىن باشلاپلا داڭلىق خەتتات ھامۇت قازى ئاخۇنۇم ۋە ئاتىسى، داڭلىق خەتتات ھەسەن قارىھاجىمنىڭ تەسىرىدە خەتتاتلىققا ئىشتىياق باغلىغان ھەمدە ئۇلاردىن خەتتاتلىق بىلىملىرىنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن. ئۇ 1983 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە ئاتىسى ھەسەن قارىھاجىمغا ياردەملىشىپ 28 قارار خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىپ، نۇرغۇن ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيلىگەن، 36 قېتىمدىن ئارتۇق رەسساملىق، خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرغان. 1984 ـ يىلدىن ھازىرغىچە، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ مائارىپى» ، «تەڭرىتاغ» ، «ئامانلىق» ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ، «بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەر مەدەنىيەت ئىدارىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» ۋە «ئېلىپبە» قاتارلىق گېزىت ـ ژورنال، دەرسلىكلەردە ئېلان قىلىنغان. « 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا بېغىشلانغان شىنجاڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خەتتات ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى (جەمئىي 10 كىتاب)»نىڭ «مۇيەسسەر ھەسەن» ناملىق كىتاۋىنى ۋە 2011 ـ يىلى «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى ئۆگىنىش قوللانمىسى (يەتتە كىتاپ)»نىڭ «كۇفى خەت نۇسخىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلغان بولۇپ ، «مۇيەسسەر ھەسەن»، «كۇفى خەت نۇسخىسى» (كىتاپ)، «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى» (ماقالە) ... قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

مۇيەسسەر ھەسەن 2011 ـ يىللىق ۋە 2012 ـ يىللىق ئاسما كالېندارغا ئۇنىڭ ئىككى پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 180 پارچىدىن ئارتۇق خەتتاتلىق ئەسىرى جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى كۆرگەزمە ۋە مۇسابىقىلەرگە تاللاپ قويۇلۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. جۈملىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئالماتا، ئىسلامئاباد، كورىيە ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىگە قويۇلۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. 20 پارچىغا يېقىن ئەسىرى «كورىيە ـ جۇڭگو ـ ياپونىيە خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. 200پارچىدىن ئارتۇق خەتتاتلىق ئەسىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يىغىپ ساقلىغۇچىلار ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

مۇيەسسەر ھەسەننىڭ ئۈچ پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلىق جەمئىيىتىنىڭ خەتتاتلىق توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. 1996 ـ يىلى «8 ـ مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىغا بېغىشلانغان كۆرگەزمىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1998 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئەخلاق، كەسپتە تەڭ يېتىشكەن سەنئەتكار» دىگەن نامغا ئېرىشكەن .

تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرىنىڭ بىر قىسمى:















مىسرانىم تورىدىن ئارىيەلەر







نۇرئامىنەم سۇلايمان






ئۇيغۇر قىزى
ئۇتۇۋالدىم يارىمنى قولىدىكى خىنىدىن
شەربەت ئىچتىم زوقلىنىپ ئۇسما قويغان چىنىدىن
ھۆسن قوشۇپ ھۆسنىگە رەپ ياراشقان ئۇسمىسى
دىلدا ھۆرمەت ئويغىتار بېشىدىكى دوپپىسى















# نىياز كېرىم شەرقى




نىياز كېرىم شەرقى 1948 ـ يىلى تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. 1951 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ دۇنيا يېزىق سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ ،4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، تەھرىرلىك ـ نەشرىياتچىلىق كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو تارىخ مۇزېيى رەسىم گالىرىيىسى سەنئەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر دىيارى خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ ، مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر دىيارى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۈچ قارار ھەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر دىيارى خەتتاتلار جەمئىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۇيغۇر دىيارى يىپەك يولى خەتتاتلار ـ رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1 ـ دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستازى.

ئۇ 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بالا چاغلىرىدىلا خەتتاتلىققا ئۆزىنى بېغىشلاپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغان ۋە مۇكاپاتلانغان. ئۇ 1985 ـ يىلىدىن 2008 ـ يىلغىچە بەش قېتىم شەخسىي كۆرگەزمە ئاچقان ھەمدە ئامېرىكا، تۈركىيە، پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ كۆرگەزمە ئاچقان. ئەسەرلىرى يەنە ئۆزبېكىستان، تۇنىس، ياپونىيە، كورىيە، تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خاربىن، خېنەن قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان.

ئۇ، ئۇيغۇر خەتتاتلىغىنى قېزىپ، رەتلەپ، نۇسخىلىرىنى بېكىتىپ، خەتتاتلىقنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ، يېزىقتىن بەدىئىي شەكىللەرنى يارىتىپ، خەتتاتلىقنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ خەتتاتلىقنىڭ ھەممە ساھەسىدە يېڭى پەردە ئاچقۇچى سەركەردە. ئۇ، يېزىق ئۈستىدە تۈنجى بولۇپ ھەرپلەرنى ئەڭ كىچىك بۆلەكلەرگىچە پارچىلاپ، ھەر ـ بىر قۇرۇلمىغا نام بېرىپ، ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى بېكىتىپ چىققان. شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىغىنىڭ مەتبۇئات ھەرپلىرىنى لايىھىلەشتە، تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ناھايىتى زور تۆھپە ياراتقان تەتقىقاتچىدۇر. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مەتبۇئات ھەرپلىرى ۋە كومپيۇتېر يېزىق نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇ خەتتاتلىق نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتىدە باشلامچى بولۇپ، 28 قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تەشكىللەشتىن باشقا، خەتتاتلىق مائارىپىغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا كۆپ قېتىم دەرس ئۆتكەن ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇنىڭ «ھۆسنخەت نۇسخىلىرى»، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتاپلىرى، «نىياز كېرىم شەرقى خەتتاتلىق ئەسەرلىرى» ناملىق 12 ۋاراقلىق ئاسما لەۋھە، «ئۇيغۇر خەتتاتلىغى قوللانمىسى» ناملىق 12 قىسىملىق «خۇشخەت» دەرسلىگى ۋە 12 قىسىملىق «ھۆسنخەت» دەرسلىگى، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن دۇردانىلەر» ناملىق 10 ۋاراقلىق ئاسما لەۋھەسى ۋە «ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خەتتاتلار ئەسەرلىرى توپلىمى»(10 كىتاپ)، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» قاتارلىق كىتاپ، لەۋھە ۋە كالېندارلارنى تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان.

خەتتاتلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي تېخنىكوملار ئۈچۈن 25 پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك كىتاپ ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى تۈزگەن ھەمدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسىدە 20 قىسىملىق لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ يەنە 12 توملۇق زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نى نەشرگە تەييارلاشتەك مۇشكۈل ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە لايىھىلەپ ئىشلەپ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدىن باشقا، يېزىق تەتقىقاتى، گۈزەل سەنئەت، نەققاشلىق، مۇزىكا، ئەدەبىيات ۋە ھەرخىل لايىھەلەردىمۇ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك. شۇڭا ئۇنىڭغا جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى «ئەخلاق، كەسپتە تەڭ يېتىلگەن خەتتات» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

بولۇپمۇ ئۇ خەتتاتلىق ساھەسىدىكى كاتتا نەتىجىلىرى سەۋەپلىك شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئېنىستوتىنىڭ ئالاھىدە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. بۇ ھەقتە شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ فەنزىڭ، نىياز كېرىم شەرقى قاتارلىقلارغا پەخرىي دوكتور ئۇنۋانى بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججەت (№1754129)لەرگە قارىغايسىز:

ھۆرمەتلىك نىياز كېرىم شەرقىي ئەپەندى:

1950 ـ يىل 9 ـ ماي، شۋېتسىيە بىلەن جۇڭگو رەسمىي ھالدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەت ئۇزاق مۇددەتلىك دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تىكلىدى.

شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئېنگلىزچە نامى (Royal Institue fo Art) بولۇپ، شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولم (Stokholm) ئارىلىغا جايلاشقان. بۇ ، 1735 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شۋېتسىيە تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان سەنئەت ئىنستىتۇتى ھېسابلىنىدۇ. ئىنستىتۇتنىڭ ئەتراپىدا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، ھازىرقى زامان سەنئەت مۇزېيى، دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيى، شۋېتسىيە قۇرۇلۇش مۇزېيى، يىراق شەرق سەنئەت مۇزېيى قاتارلىق مۇزېيلار ئوراپ تۇرىدۇ. يىراق شەرق سەنئەت مۇزېيىدا جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق ئاسىيا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرى بار.


Kungl. Konsthögskolan | Royal Institute of Art
瑞典皇家藝術學院

Dear Mr. Niyaz Karim
Considering your excellent art character and brilliant achievements, recognized international reputation in art field, through strictly review, the Degree Committee of Sweden Royal Institute of Art specially granted you Sweden Royal art college honors Dr. degree, while awarded a medal of "Sweden Royal Polaris", in recognition your outstanding contribution especially in promoting culture exchanges between Sweden & China.

親愛的尼亞孜·克裏木先生閣下：
鑒于您在藝術領域成就卓著，享譽國際，具有德藝雙馨的藝術品格，經瑞典皇家藝術學院學位委員會嚴格審評，全票通過，特授予您瑞典皇家藝術學院榮譽博士學位，同時頒授"瑞典皇家北極星勳章"一枚，以表彰您在藝術領域，特別是在促進瑞中文化交流方面所做的突出貢獻。

ROYAL INSTITUTE OF ART


شۋېتسيه خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇ- تى بىر ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك لايىھەلەشنى بىر گەۋدە قىلغان مەكتەپ بولۇپ، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، كىنوچىلىق، مېتالچىلىق، ياغاچ- چىلىق، فار- فورچىلىق، ئەينەكچىلىك ھەمدە تىل، ئەدەبىيات، پەن- تېخنىكا قاتارلىق كەسىپ ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىنغان. ئىشخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئىپسىل بولۇپ، ياۋروپا قىتئەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ھەر - بىر كەسىپكە تەيىنلەنگەن پروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى كەسپىي سەنئەتكارلار، تەتقىقاتچىلار، ئارخىتېكتورلار ياكى باشقا كەسىپكە ماھىر ئوقۇتقۇچىلار توپى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرستىن سىرت يەنە باشقا ئورۇندا كەسپى بار. بۇ خىل ئۇسۇل ئوقۇتقۇچىلارنى جەمئىيەت بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۋېتسيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئالىي كۇرس سەنئەتكارلىرنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىنستىتۇتنىڭ پروفېسسورلىرىدىن باشقا يەنە ھەر يىلى بىر قىسىم دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى ئاتاقلىق ئاكادېمىكلار بىلەن تەكلىپلىك پروفېسسورلارنى، رەسساملىق، ھۈنەر- سەنئەت، تىل- ئەدەبىيات قاتارلىق ھەرخىل كەسىپلەرگە تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزىدۇ.



شۋېتسيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، شۋېتسيە- جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكىدىن پايدىلىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەخسىتىدە ئىنستىتۇتىمىز مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ نامزات كۆرستىشى بىلەن جۇڭگو- شۋېتسيە ئىككى دۆلەتتىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى زور نەتىجىلىرىڭىز، خەلقئارادىكى تەسىرىڭىز ھەمدە ئەخلاق- كەسىپتە تەڭ يېتىلگەن سەنئەتكارلارغا خاس ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، شۋېتسيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇنىۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشىدا تولۇق بېلەت تاشلىنىپ، سىزگە شۋېتسيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشنى، سىزگە گۇۋاھنامە ۋە تەقدىرنامە بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئىنستىتۇتىمىزنىڭ بىر يۈرۈش دوكتورلۇق كىيىمى، شۇنداقلا شۋېتسيە خانلىقىنىڭ بىر نۇرلۇق يۇلتۇز ئوردېنى تەقدىم قىلىنىپ، سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى بولۇپمۇ شۋېتسيە- جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى گەۋدىلىك تۆھپىڭىزنى تارتۇقلىماقچى.




ئەگەر سىز تەكلىۋىمىزنى قوبۇل قىلىپ 2015- يىل 15- مايدىن بۇرۇن كەم ماتېرىياللىرىڭىزنى يوللاپ، رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرسىڭىز، دوكتورلۇق جەدۋېلىنى تولدۇرۇپ، بىزگە يوللىشىڭىزنى، ئەگەر سىز مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلالمىسىڭىز، بىزگە خەت يېزىپ ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشىڭىزنى سورايمىز. — شۋېتسيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى / مۇدىر: مانس ئادىرس ۋرانگې ( Mans Andevs Wrange)

ھۆرمەتلىك نىياز كېرىم شەرقى ئەپەندى:

سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىڭىز زور، نامىڭىز خەلقئاراغا تونۇلغان، ئەخلاق ھەم ماھارەتتە پەزىلىتىڭىز يۈكسەك. شۇڭا، شۋېتسيە

خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشىدا تولۇق بېلەت تاشلاش بىلەن سىزگە شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ شەرەپلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۋېتسىيە خان سارىيىنىڭ بىر دانە نۇرلۇق يۇلتۇز ئوردېنى تەقدىم قىلىندى. ھەممە سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىڭىز بىلەن شۋېتسىيە جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئالاھىدە تۆھپىڭىز ئۈچۈن ئۇشبۇ شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. — شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى / مەكتەپ مۇدىرى: مانس ئاندېرس ۋرانگې (**Mans Anders Wrange**) / مىلادى **2015** ـ يىل **15** ـ ئاپرېل



ئەمدى ، يېقىندا، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى قىبلىنامە قىلغان، ئۆزىنى مىللىي تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ئوت يۈرەك قەدىرلىك قېرىنداشلارغا مەلۇم بولسۇنكى، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بايراقدارى، دۇنيا يېزىق سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئۇيغۇر دىيارى خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمى مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر دىيارى يىپەك يولى خەتتاتلار رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، **1** ـ دەرىجىلىك گۈزەل ـ سەنئەت ئۇستازى، دوكتور، ئۇستاز خەتتات نىياز كېرىم شەرقى ئەپەندىنىڭ ئازكەم **60** يىللىق خەتتاتلىق ھاياتىنىڭ نامايەندىسى «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قامۇسى» نەشر قىلىندى .

رەڭدار ۋاراقلىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق، ئىككى تومدىن تەركىب تاپقان، ئېسىل قاپچۇقتا قاچىلانغان بۇ قامۇس ھەممىمىزگە ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ھوزۇرىنى بېغىشلايدۇ.

بۇ قامۇستا نۇرغۇنلىغان كونا ـ يېڭى خەت نۇسخىلىرى، دەللىلەشتىن ئۆتكەن مۇكەممەل خەتتاتلىق نەزىرىيىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ جەھەتتە ئۇ خەتتاتلىقتا ھېرىسمەن ھەرمىللەت ھەۋەسكارلىرىغا ئەڭ قولايلىق ئۆگىنىش قوللانمىسى، خەتتاتلىق گۈلستانىنىڭ پەرۋىشكارلىرىغا ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇش دەستۇرى بولالايدۇ. بۇ قامۇس **18** باپتىن تەشكىل تاپقان، ھەر ـ بىر باپتىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىللاردا تونۇشتۇرۇلغان. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان خەتتاتلىق سەنئىتىنى خەلقىمىزگە ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تەسىرىنى پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيتەلەيدۇ. بۇ قامۇستا ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىل، پاساھەتلىك شېئىر، ئۆلمەس ئاتا سۆزلىرى بىلەن قاناتلانغان نادىر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن نۇرغۇن ئۆرنەكلەر كىرگۈزۈلگەن. چوڭقۇر مەنىلەر گۈزەل خەتلەر بىلەن جەۋلان قىلىپ قەلب خاتىرىڭىزگە ئۆچمەس نەقىش سالالايدۇ، ھېكمەت ۋە گۈزەللىك شەيدالىرىمۇ ئۇنىڭدىن زوق ۋە نەپ ئالالايدۇ. بۇ قامۇستىن مىللىي تىل ـ يېزىقنىڭ ئۆچمەس نۇرىنى كۆرەلەيسىز، بۇ قامۇستىن مىللىي تىل ـ يېزىقنىڭ قىممىتىنى، نوپۇزىنى ھېس قىلالايسىز.

بۇ قامۇسنى كۆرسىڭىز، نېمىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاشنى، نېمىنى ئەڭ يېقىن ئادىمىڭىزگە سوۋغاتلىق قىلىشنى بىلەلەيسىز. تەۋسىيىمىز شۇكى، بۇ قامۇس مەندىمۇ، سىزدىمۇ بولسۇن، ھەممىمىزگە تەۋەررۈك بولسۇن، يادنامە بولسۇن!

ھەرقايسى جايلارغا توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ، ئالاقىلىشىش تېلېفونى:

**0991 ـ 2555336 ، 13899974772**

ئالاقىلاشقۇچى : مەۋلان شەرقى

ھېساپ ئاچقان بانكا كارتىسى: يېزا ئىگىلىك بانكىسى: **6228480898632292170**

قۇرۇلۇش بانكىسى: **6210814540000620179** ، سودا سانائەت بانكىسى: **9558803002107733514**

ئەمدى ، قامۇستا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ھۆسن خەتلىرىنى كۆرۈپ باققايسىلەر.






**قوشۇمچە:**

نىياز كېرىم شەرقى : خەتتاتلىق توغرىسىدا

خەتتاتلىقتا خۇشبۇي بىلىم ، قويۇق مىللىي خاسلىق ، ھەر ـ بىر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىغى، گۈزەللىك پەلسەپۋى قاراشلىرى ۋە تەپەككۇرى، مىللىي ھېسسىياتى ۋە خاسلىغى يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇ ھەر زامان خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، گەرچە ھەممە ئادەم گۈزەللىككە ئىنتىلسىمۇ، گۈزەللىكنى سۆيسىمۇ، لېكىن ھەممە ئادەمنىڭ گۈزەللىكنى ھېس قىلالىشى، گۈزەللىكنى يارىتالىشى ناتايىن. شۇنىڭدەك ساۋادى بار ھەممە ئادەم خەت يازالىغان بىلەن خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنالىشى، خەتتات بولالىشى ناتايىن. خەتتاتلىق يېزىقتىن گۈزەللىك يارىتىش پائالىيتى بولۇپ، گۈزەللىكنىڭ ماھىيتى كونكرېت سېزىش ياكى يېزىش مومكىن بولغان شەيئىلەر ئوبرازىدا مەۋجۇت. چۈنكى، بۇنداق ئوبراز ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىدىيسىگە ئۇيغۇن، كىشىلەرنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن شادلاندۇرالايدۇ ۋە كىشىلەردە ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش خۇسۇسىيتىگە ئىگە، بۇنىڭدىن گۈزەللىك يېقىملىق ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان شەيئىلەر ئوبرازى ئىچىدە مەۋجۇت دەپ يەكۈن چىقىرالايمىز. خەتتاتلىقتا ئىپادىلىنىدىغان مەنبە يېزىق، ئەگەر يېزىقنى يېزىق سىزىقلىرى ئەمەس، كىشىلەر تونۇمايدىغان سىزىقلارنى يېزىپ قويغاندا ئۇ خەتتاتلىق بولالمايدۇ. شۇڭا خەتتاتلىق سەنئىتىدە بۇ نۇقتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.خەتتاتنىڭ قەلىمدە ئۇيغۇر يېزىغىدىكى **124** خىل ھەرپ شەكلىنىڭ ھەممىسىگە گۈزەللىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ ھۆسنخەتلەر كىشىلەرنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن شادلاندۇرالايدۇ ۋە كىشىلەردە ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ. خەتتاتلىقتا يېزىق بىلەن مەزمۇن يۈكسەك دەرىجىدە جىپسىلاشسا بۇنى خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر جانلىق تەسىرلەندۈرۈش خۇسۇسىيتىگە ئىگە، كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا روھلاندۇرالايدۇ ۋە تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

خەتتاتلىق ئادەتتىكى خەت يېزىش ئەمەس بەلكى بىر خىل سەنئەت. خەتتاتلىقتا گۈزەللىك قانۇنىيتى بويىچە يېزىقتىن بەدىئىي شەكىل يارىتىلىدۇ، دۇنيانى قەلب ئارقىلىق كۆزىتىپ، يېزىقتىن ئىبارەت تىلنى خاتىرىلىگۈچى دېتالدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيلىكىگە شادلىق ئاتا قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش خەتتاتلىق بولىدۇ، خەتتاتلار ئۆزىنىڭ ئىستېتىك قارىشى بويىچە بەدىئىي ئەسەر ئىجاد قىلىدۇ. ھەر بىر ئەسەردە خەتتاتنىڭ ئىدىيىسى، ئىجادىيەت مۇددىئاسى، ھېسسىياتى، ئارزۇسى قاتارلىقلار ئەكس ئېتىدۇ.

يېزىق خەتتاتلىقنىڭ بىردىن ـ بىر بۇلىغى. شۇڭا يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەييارلىق باسقۇچى. بىر ئەدىب مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇستاز دېگەن شۇنداق ئادەملەركى، ئۇلار باشقىلار كۆرۈپ بولغان نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان، باشقىلار دائىم كۆرۈپ تۇرغان نەرسىلەردىن گۈزەللىكنى چېلىقتۇرالايدىغان كىشىلەردۇر». خەتتاتلارمۇ ئوخشاشلا كىشىلەر كۈندە كۆرۈپ تۇرغان، يېزىپ تۇرغان يېزىقتىن گۈزەللىكنى بايقىيالايدىغان ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كىشىلەردۇر.

خەتتاتلىق ئىجادىيىتى دېگەن باشقىلار ئوتتۇرىغا قويمىغان يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىل ۋە يېڭىچە ئۇسلۇبتا يارىتىلغان ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەر مۇقىم بولغان بىر نۇسخىدا يېزىلمىسىمۇ، ھەر كىمنىڭ ئۆزى تاللىغان نۇسخا تۈرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئىجادىي ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. خەتتاتلىقتا ھەر بىر نۇسخىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلچەملىك ھەرپلىرى بولىدۇ. ئەمما ھەر بىر نۇسخىدا يەنە نۇرغۇن ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىمكانىيەتلەر كەڭرى بېرىلگەن، ئەگەر خەتتاتلار كۆڭۈل قويۇپ بۇ ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلانسا، مۇشۇنىڭ ئۆزى يەنە بىر ئىجادىيەت . بەزى نۇسخىلاردا خېلى كۆپ ھەرپلەرنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆلچەملىك شەكلى بېرىلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتتە ئىزدىنىدىغان تەرەپلەر بولالايدۇ. ئەمما شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى بىر ياخشى مەزمۇنلۇق سۆز ـ ئىبارىنى ھەممە ئادەم دائىم يېزىۋەرسىمۇ كىشىلەرگە دەسلەپ ھوزۇر بېغىشلىغان بىلەن كېيىن ئاۋۋالقىدەك ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ. «ھەسەلنى يەۋەرسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا خەتتاتلىقتا مەزمۇن گادايلىغىدىن ساقلىنىش كېرەك.

ھۆسنخەت ئۆگىنىشتە ئۆلچەملىك، قائىدىلىك يېزىلغان ھۆسنخەتلەرنى كۆچۈرۈپ ئۆگىنىش ياخشى ئۇسۇل، بىر نۇسخىدا ياخشى يېزىلغان خەتنى قايتا ـ قايتا كۆپ كۆچۈرۈپ بەرسە شۇ نۇسخىنى تەدرىجى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا جەمئىيىتىمىز ھەر يىلى كۆچۈرۈلگەن ھۆسنخەتلەر كۆرگەزمىسى ئويۇشتۇرۇش ئارقىلىق خەتتات ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ خەتتاتلىق سەۋىيسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. كۆچۈرۈش ئارقىلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىپ باشقا بىر مەزمۇندا سۆز تاللاپ ھۆسنخەت يېزىپ كۆرگەزمە ۋە مۇسابىقىلەرگە قاتناشسا بولىدۇ. بۇ، ئىجادىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كۆچۈرۈلگەن ھۆسنخەت كۆچۈرگۈچىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولمايدۇ.

ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئۆگەنگەنلەرگە نىسبەتەن ئىجادىيەتتە:

بىرىنچى، مەزمۇننى تاللاش بەك مۇھىم، ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تارتىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغىچە، خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، ماقال ـ تەمسىللەرگىچە شۇنداقلا دۇنيادىكى، ئېلىمىزدىكى پەلسەپۋى پىكىرگە باي، ئىخچام، يارقىن ۋە تەسىرلىك، ئېسىل سۆز دۇردانىلىرىدىن تۈزۈلگەن كىتاپلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆسنخەت يازىدىغان ياخشى مەزمۇنلاردۇر. ئەمما سۆز تاللىغاندا يەنە پەلسەپۋىلىگى كۈچلۈك بولسىمۇ كىشىنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان سەت، يېقىمسىز، يىرگىنىشلىك سۆزلەر بولسا تاللىماسلىق كېرەك. خەتتات ئەدەبىي جەھەتتە تەربىيەلەنسە سۆز ئىچىدىن سۆز تاللاشقا ماھىر بولىدۇ. خۇددى «چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار» دېگەندەك يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە يەنە پاساھەتلىك سۆزلەر بار، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە شاھانە مىسرالار بار. مانا مۇشۇنداق ئېسىل سۆزلەرنى تاللىيالىغاندا ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىدۇ، شۇڭا ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى مەلۇم مەنادىن تىل بەلگىلەيدۇ.

ئىككىنچى، سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ لەرزان، لىرىكىلىك ياكى جەڭگىۋارلىغىغا، ئۇر ـ غۇلىرىنىڭ كۈچلۈك ياكى يەڭگىللىگىگە قاراپ ھۆسنخەت نۇسخىسىنى بەلگىلەش كېرەك. يەنى مەزمۇن بىلەن شەكىل ھۆسنخەتنىڭ تاشقى گۈزەللىگى بىلەن ئىچكى گۈزەللىگى، شەكىل گۈزەللىگى بىلەن مەزمۇن گۈزەللىگى چەمبەرچاس باغلانسا بۇ ئەسەر ئۆز گۈزەللىگىنى تولۇق نامايەن قىلالايدۇ.

ئۈچىنچى، تاللانغان سۆز - ئىبارىلەردىكى ھەرپلەرنىڭ تىك سىزىمە ۋە تاقا، ئەگمە سىزىقلىرى دېگەندەك ھەرپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەكرار كېلىشىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

تۆتىنچى، سۆزنىڭ ئاز - كۆپلىگە قاراپ، قەلەمنىڭ ئىنچىكە - تومىلىغىنى ۋە قەغەز ئۆلچىمىنى بېكىتىش بولمۇ ئەسەرنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھۆسنخەت توم بولۇپ كەتسە ھەرپ ئۆلچىمى ئۆزگىرىپ ھۆسنخەت تىقىلىپ قىلىپ سەت كۆرۈنىدۇ. قەلەم ئىنچىكە بولۇپ قالسا، ھۆسنخەتنىڭ ئىنچىكە - تومluq ئۆزگىرىشلىرى تولۇق ئىپادىلەنمەي، كىشىگە ھوزۇر بەرمەيدۇ،

بەشىنچى، قەغەز تاللاشتا بىز ئومومىيۈزلۈك شۇەنزى قەغىزى ئىشلىتىۋاتىمىز، شۇڭا قومۇش، بامبۇك، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان قاتتىق ئۇچلۇق قەلەملەردە ھۆسنخەت يازغاندا شۇەن (پىششىق قەغەز) گە يېزىشىمىز كېرەك. ئەگەر موي قەلەم، ماي بوياق قەلىمى ۋە كەڭ ئۇچلۇق چوتكا قاتارلىق يۇمشاق ئۇچلۇق قەلەملەردە ھۆسنخەت يازماقچى بولغاندا سىڭ شۈەن (خام قەغەز) گە ھۆسنخەت يازسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئومۇمەن خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ئاساسەن مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغان ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر دەۋرىدە قول بىلەن خەت يازىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كومپيۇتېر ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرى ئاپتوماتىكلاشتۇرۇلۇپ قول بىلەن خەت يازىدىغان كىشىلەر تەدرىجى ئازايماقتا. بۇ بىر تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يولى، ھېچكىم بۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئەمما خەتتاتلىق دېگەن يەنىلا خەتتاتلىق. خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئورنىنى كومپيۇتېر ھەرگىزمۇ ئورۇنلىيالمايدۇ. شۇڭا «كومپيۇتېر خەتتاتلىقى» دېيىشكە بولمايدۇ. خەتتاتلىق بىر ئىلىم . ئۇنىڭغا سەممىي مۇئامىلە قىلىش كېرەككى، ساختىلىق ئىشلىتىشكە، ئۇنىڭ پەللىسىگە سەكرەپلا چىقىۋېلىشنى ئويلاپ ئوڭاي يول تاللاشلارنىڭ ھەممىسى خاتا.

خەتتاتلىق سەنئىتىگە بەزىلەرنىڭ تونۇشى روشەن بولمىغاچقا، ئەنئەنىۋى خەتتاتلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ياكى ھەر خىل شالغۇت خەتلەرنى «يېڭىلىق ياراتتىم» دەپ بازارغا سالىدىغان ۋە ياكى ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنى پۈتۈنلەيلا بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز مۇقامى بويىچە بىر نېمىلەرنى يازىدىغان خاھىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا خەتتاتلىقتا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەيلى خەنزۇ خەتتاتلىقى، مەيلى ئەرەب خەتتاتلىقى ياكى ئۇيغۇر خەتتاتلىقى بولسۇن، بۇ ئىلمىيلىكى، قائىدە - قانۇنىيەتلىرى قاتتىق سەنئەت تۈرى. نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا نۇرغۇن خەتتاتلارنىڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ھۆسنخەت نۇسخىلىرى تاكامۇللاشقان بولغاچقا، خەتتاتلىرىمىز ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنى ئېرىنمەي، تېرىكمەي ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەتتاتلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى چاقنىتىپ سەنئەت قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدۇ.

خەتتاتلىق ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە، بىرسى ئىستېمال قىممىتىگە، يەنە بىرسى سەنئەت قىممىتىگە. بۇ ئىككى قىممەتنىڭ ئىستېمال قىممىتى ئەرزانراق، سەنئەت قىممىتى قىممەت بولىدۇ. ئىستېمال قىممىتىنىڭ ئەرزانراق بولۇشى؛ ئىستېمال ئېھتىياجىدىن، پلاكات، لەۋھە، ئۇقتۇرۇش ھەر خىل ھۆسنخەت يېزىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ، بۇ ھۆسنخەتلەر ئىستېمال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھېچنىمىگە كېرەك قىلىنمايدۇ، ئەمما بىر جۈملە تەربىيۋى ئەھمىيىتى بار سۆزنى ئەسەر قىلىپ ئىشلىگەندە ئۇ خەتتاتنىڭ ئىجادىي ئەسىرى بولۇپ ساقلاش ۋە ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە، شۇڭا قىممەت بولىدۇ.

خەتتاتلىق ئەسەرلىرى يەنە ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە، بىرى ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە يەنە بىرى ساقلاش قىممىتىگە. بىز ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە دىققەت قىلىدىغىنىمىز ئەسەرنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقى كۈچلۈك، ئىلھاملاندۇرۇش، شادلاندۇرۇش تەلپىگە يەتسىلا ئۇ كىمنىڭ ئەسىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىتراپ قىلىشقا ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئەمدى بىز يىغىپ ساقلاش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە دىققەت قىلىدىغىنىمىز بۇ ئەسەرنىڭ كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىدە بولىدۇ. چۈنكى يىغىپ ساقلىغان ئەسەرلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى ئېشىشى مۇمكىن. يىغىپ ساقلىغان ئەسەرلەر خۇددى لاتارىيە بېلەتتەك ئامىتى ئوڭ كەلسە نەچچە يۈز مىڭ سەر ئالتۇنغا ئۆزگىرىشى مومكىن ياكى بولمىسا بىر ۋاراق قەغەزلا بولۇشى مومكىن.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى مابەينىدە ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار بولدى. مەلۇم نادىر ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئالدى. بۇرۇن كىتاب كۆچۈرۈش، قولىيازما گېزىت چىقىرىش، ھەر خىل پلاكات، لەۋھە ۋە ماۋزۇ خەتلەرنى يېزىش بىلەن چەكلەنگەن ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئەمدىلىكتە سەنئەت قىممىتى يۇقىرى كىشىلەرگە ئېستېتىك ھوزۇر بېغىشلايدىغان سەنئەت بويۇمغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ھۆسنخەتلەر كۆرگەزمە قىلىپ ھوزۇرلىنىشتىن باشقا ئىشخانا، ئۆي ۋە بەزى ئاممىۋى سورۇنلارغا ئېسىلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ يىغىپ ساقلىغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. شۇڭا خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە تونۇشنى ئۆستۈرۈپ نېمىنىڭ ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولغاچقا خەتتات سەنئەتكار ھېسابلىنىدۇ. بىر خەتتاتنىڭ تاكامۇللىششى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئالىيجاناپ ۋە يۈكسەكلىكى خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ يوشۇرۇن ئاساسىي سەنئەتتە ئىزدىنىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىگىدە بولىدۇ.

خەتتات دېگەن بۇ پەخىرلىك نام ھۆسنخەت يازالايدىغان ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئۆز ئېلىنى، خەلقىنى، ئۆز تىل يېزىغىنى سۆيىدىغان مويسىپىت ۋە ئالىيجاناپ، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر، باشقىلارغا يېزىقنىڭ گۈزەل شەكىللىرى ئارقىلىق ئېستېتىك زوق ھەم بەدىئىي لەززەت بىرەلەيدىغان كىشىلەرگە خاستۇر. مەن بارلىق خەتتات ۋە ھەۋەسكارنى بۇ شەرتلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە زور نەتىجىلەرنى قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئەمدى نىياز كېرىم شەرقىنىڭ يەنە بىر قىسىم ھۆسنخەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىڭ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



























ئككى ياخشى ئارسدا قل ئۈزۈلمەس،
تۆمۈر زەنجرنى ئۈزگەن ئككى بلمەس.












ياحضرت خنكار حاجى
بكتاش ولى قدس الله
سره العالى


بسم الله الرحمن الرحيم


قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان
ئەقىل كۆپ كىرەكتۇر تاللاشقا كىشى
بىلىم بەك كىرەكتۇر قىلىشقا ئىش


ئىلىم پەندە ھەرگىزمۇ ئەمگەك سىڭدۈرمەي تۇرۇپ بىر نەرسىگە
ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشتا پىشانىدىن چىپ-
چىپ تەر ئاققۇزۇشتىن باشقا ئۇسۇل يوق. قىزغىنلىق، خام
خىيال قىلىش، پۈتكۈل يۈرەك-قەلبىنى بېغىشلاپ ئىنتىزار بولۇش-
لارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ.
دۇنيادا ئاسانلىقچە چۈشىدىغان بىرمۇ پەن يوق. — گېرتسېن






Niyazi Kerima Xinjiang China

شائىرلىق باشقا كەپتۇر قايغۇ باشقا.

هۇسۇن باشقا كەپتۇر سۆيگۈ باشقا.

جاھان بازىرىدا ئىش مۇنداق گەپ.

ئەقىل باشقا كەپتۇر تۇيغۇ باشقا.

بىلىم باشقا كەپتۇر بالاغەت باشقا.

ئادەت باشقا كەپتۇر ۋىجدان باشقا.

پەرقىگە يەتكەن بولسا دانا دىل شۇدۇر.

شەيتان باشقا كەپتۇر ئىنسان باشقا.

[illegible]

نىياز كېرىم شەرقى يازغان


ۋەتەن دۇر تەخت، ۋەتەن دۇر بەخت،
ۋەتەنسىز ئادەمنىڭ مازى غاپ.
ۋەتەن - قانات، ۋەتەن تۇلپار،
ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
ۋەتەن ئۇل ئۇستىخان، قاندۇر،
ھاياتلىق ئىچرە ھەم جاندۇر،
ۋەتەننى ئەڭ ئۇستۈن بىلمەك،
كىشىگە تۇغما ئىسپاندۇر.
«تويى چاچقۇسى» دىن
نىياز كېرىم شەرقىي يازغان



بسم الله الرحمن الرحيم
(ئاھلىيتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)








بسم الله الرحمن الرحيم


دۇنيادە نىيەتسىزلىكنىڭ ئاچقۇچى
تارىم ۋادىسى ئىستىدا كۆمۈلگۈتۇر.
قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلسە دىكەن،
دۇنيادە نىيەتسىزلىكنىڭ سىرى
بىزگە مەلۇم بولغۇسى مورگان.
نىيازكېرىم 1985-يىلى









تۈنى كۈندۈزدەك قىلۇر خانەمدە گۆھەر بۇ چىراق ،

نۇرنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراق .

قاپ-قاراڭغۇ كېچىلەردە بۇ چىراق نۇر مەنبەئى ،

تۈندە ئازغان-يېنىگەنىڭ مەشئەلدۇر بۇ چىراق .

تۈندە ئۆچسە بۇ چىراق بولماس قەلەمنى ئالغىلى ،

قانچە يازسام تېگى قاينار تۈندە بۇ دەردۇ پىراق .

ئابدۇخالىق، كۆڭۈل شۇ تۈنلەر ئۇيقۇدىن بىدارسەن ،

خۇددى بىر پەرۋانە بول، گەرچە لېكىن نۇردىن يىراق .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرى، شەرقى يازغان




# بۇلاق

## خەتتاتلىق گۈللىرى

ئەقىل بىر چىراقتۇر كۆزى يوققا كۆز،
ئۇلۇغ تەنگە جان بولغا چاتىلغا سۆز،
ئۇقۇش كۆركى تىلدۇر بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر بۇ يۈز كۆركى كۆز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىن
نىياز كېرىم

ھەرقاچان بۇلبۇلغا باغ گۈل ئېرەر، گۈلگە مۇشتاق بولسا ھەر بۇلبۇل ئېرەر،
بولمىسا ھىجران ئىلە دەرد يۈرەك كەلمىسى. بولمىسا گۈلگە ئەلەم گۈل يۈرەك كۆلمىسى

نىياز كېرىم شەرقى يازغان 86.5



دىلرابالىغ، مېھربانلىغ، خۇشرەبانلىغ لەرمىدۇر.

دىلنەۋازلىغ، قەدىردانلىغ، بەدگۇمانلىغ لەرمىدۇر.

گومنام شېئىرى

نىياز كېرىم يازغان












بسم الله الرحمن الرحيم
NiyaziKerima
Xinjiang China 1988


ئادل قانون كوككه بر توۋروك ئېرور، بوزولسا ئو قانون، ئاسمان يقلور.




كىتاب ئوقۇش كىشىگە
خۇشاللىق بېغىشلايدۇ،
ئىقتىدارنى ئاشۇرىدۇ.
ئابدۇلھەق

# هاپىز نىياز



پىشقەدەم خەتتات هاپىز نىياز 1896 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ شامالچارۋاغ يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دېهقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 14 ياشقىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1911 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇ يىڭى مائارىپنى قوللاپ،ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئويغۇر هازىرقى زامان تۆز خەت يېزىغىنى ئىگەللەشكە كىرىشكەن . تۆز خەتكە تەقلىد قىلىپ بىر قانچە نۇسخىلاردا هۆسنخەت يېزىشنى ئىجتىهات بىلەن مەشىق قىلىپ ، كىشىلەرگە سالام خەت يېزىپ بېرىش ، قىزىقارلىق هىكايە ، چۆچەك ، داستانلارنى كۆچۈرۈپ بېرىش ، تاختا ۋە لەۋهەلەرگە خەت يېزىپ بېرىش ، مۆهۈر خەتلىرىنى يېزىپ بېرىش بىلەن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلغان. ئۇ خەتتاتلىق كەسپىدە نەسخ ، سۇلۇس ، ئىجازەت ، تەئلىق نۇسىلىرىدىكى هۆسنخەتلەرگە ناهايىتى ماهىر بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنىڭ هۆسنخەتلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن ئۆگەنگەن .

ئۇ ئۇستا خەتتات بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۆز زامانىسىدىكى ماهىر رەسسام ، نەققاشچىلىقتا داڭ چىقارغان سەنئەتكار ئىدى . 1915 ـ يىلى ئەينى زاماندا سىرچىلىق هۈنىرى بىلەن داڭ چىقارغان ئابدۇرېهىم غەزىنىچى دېگەن كىشىگە شاگىرت بولۇپ ، ئۇنىڭدىن رەسساملىق ، نەققاشچىلىق ، سىرچىلىق هۈنەرلىرىنى ئۆگىنىدۇ . ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇهىم قۇرۇلۇشلارنىڭ ، مەسچىت ، مەدرىسە ، خانىقالارنىڭ ، مازارلارنىڭ بېزەكلىرى ، ياغاچ ئويما ، گەج ئويما نەقىشلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ هۆسنخەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ سىرلىغان . ئۇنىڭ قەيىس مازار گۈمبىزى ئىچىدە ئايلانما قىلىپ ، ئىجازەت نۇسخىسىدا يازغان «سۇرە ياسىن» ئايىتى ئىنتايىن نەفىس ، چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ . ئۇستازى ، داڭلىق سەنئەتكار ئابدۇرېهىم غەزىنىچى قېرىپ كىسەلمەن بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، ئوردا هۆكۈمرانلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئۇنىڭ ئوردىدىكى ئىشلىرىغا هاپىز نىياز ۋارىسلىق قىلغان هەم ئوردىدا مىرزىلىق «كاتىپلىق» قىلغان.

هاپىز نىيازنىڭ يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى ئەمگەك خاتىرىلىرىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى هازىرمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل هۆسنى بىلەن كىشىلەرنى هەيرەتتە قالدۇرماقتا.






## ھەبىبۇللا روزى



ھەبىبۇللا روزى 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پىچان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىدىلا خەتتاتلىق ۋە رەسىم سىزىشقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلاتتى . ئۇنىڭ خەتتاتلىق پائالىيىتى 1964 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ تام گېزىتى ، ئېلان ، لوزۇنكا ، ماللارنىڭ ماركىلىرى قاتارلىقلارنى يېزىش بىلەن باشلانغان . ئۇنىڭ بىر قىسىم يېڭى يېزىقچە ھۆسنخەت ئەسەرلىرى 1978 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھۆسنخەت نۇسخىلىرى» كىتاۋىدا ئېلان قىلىنغان . ئۇ 1982 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىدە ئالاھىدە ئىزدىنىپ ، ھەر ـ بىر كىتاپ ماۋزۇسىنى يازغاندا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، كىتاپنىڭ مەزمۇنى بىلەن خەت شەكلىنى بىرلەشتۈرۈپ ، جانلىق ھەم كۆركەم بولۇشىغا ئەھمىيەت بەردى . ئۇ خەتتاتلىقتىن باشقا نەقىش ۋە رەسىمگىمۇ ئالاھىدە قىزىقىدۇ . ئۇ ھازىرغا قەدەر ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، قىرغىزچە كىتاپ ژورناللارنىڭ خەتلىرىنى يېزىشتىن باشقا بىر قىسىم نەقىشلىك ، سۈرەتلىك ماۋزۇ ۋە كىتاپ مۇقاۋىسى ، كىتاپ تىتۇللىرىنى ئىشلىگەن . 1983 ـ يىلىدىن بۇيان ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن روسچە«ئېلىپبە» نىڭ بىر يۈرۈش خەتلىرىنى ۋە ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن «روس تىلى» دەرسلىگىنىڭ خەتلىرىنى ، 1988 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «رەسىمگە قاراپ خەت تونۇش» كىتاۋىنىڭ ھۆسنخەتلىرىنى يازغان.

خەتتات ھەبىبۇللا روزى ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى گۈزەل سەنئەت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى ، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى دىيارىمىز شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.


ياشلارنىڭ قە-
ۋە ئۇستازى
گوركى


ئنسانيه‌تنى ئالغا
ئلگريلتدىغان
بالداق
گوركى



## ھەسەن ھامدى



پىشقەدەم خەتتات ھەسەن قارى ھاجى ھامدى 1919 - يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە دىنىي زات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ، كېيىن يېڭى مائارىپ مەكتەپلىرىدە بىلىم ئاشۇرغان . ئاتىسى ھامىت قارى ئاخۇنۇم جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان جەمئىيەت مۆتىۋەرى بولۇپلا قالماي يەنە ئۇستا خەتتات ئىدى . ھەسەن ھامدى ئاتىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلغان . 1938 - يىلىدىن باشلاپ خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان . كۆپ يىل ئوقۇتقۇچى بولغان . 1987 - يىلغىچە 22 قارار ھۆسنخەت ئۆگۈنۈش كۇرسىنى ئېچىپ كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيلىگەن. تەكلىپ بىلەن نوقتىلىق كۆرگەزمىلەرنىڭ خەتلىرىنى يېزىشقا قاتناشقان ، نۇرغۇنلىغان ، ئىدارە - جەمئىيەت ۋە سودا ئورۇنلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى ، ئېلان ، شۇئار لوزۇنكىلىرىنى يېزىپ بەرگەن . بىر مۇنچە ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ھەرقايسى ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرىگە تاللىنىپ ، ئېكسكۇرسىيچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن . بۇ كىشى خەتتاتلىق سەنئىتىدە دورىمچىلىق ، كۆچۈرمىچىلىك ئادەتلىرىنىڭ ئىنتايىن يامان ئادەت ئىكەنلىگىنى ، ھۆسنخەت يېزىشتا ھەر بىر نۇسخىنىڭ يېزىلىش قائىدىسىگە ۋە ئىملاغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىگىنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئۆزىنىڭ خەتتاتلىق پائالىيىتىدە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تۆز خەت نۇسخىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە تەشەببۇسكارلىق كۆرسەتكەن .




ھەسەن قارى ھاجى دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى ئەزاسى ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق،رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۈرۈمچە شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى . شەھەرلىك ۋە تىيانشان رايۇنلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى .

## ھەيدەرئەلى بەختەلى





# هۆشۇر ئېلى



هۆشۇر ئېلى 1931 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان . 1947 ـ يىلدىن باشلاپ سابىق ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان . 50 ـ يىللاردىن كېيىن خوتەن مەدەنىيەت يۇرتى ، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى ، دىيارىمىز كىنو فىلىم شىركىتى ، دوستلۇق كىنوخانىسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدىنىيەت سارىيى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچى ، رەسسام ، خەتتات بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا كىنو تەشۋىقات رەسىملىرىنى ، كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋا ۋە ماۋزۇ خەتلىرىنى ، «قۇتاد غۇبىلىك» ، «قۇرئان كەرىم» ، «رابىيە ـ سەئىدى»لەرنىڭ مۇقاۋا خەتلىرىنى يازغان ، قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزغان ، 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» كىتاۋىنىڭ خەتلىرىنى يازغان . 1983 ـ يىلدىن بۇيان يازغان هۆسنىخەت ئەسەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دىيارىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىگە قويۇلۇپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان . «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ سەنئىتى » قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان . 1987 ـ يىلى ئىچكىرىدە نەشر قىلىنغان 14 ئۆلكە ، شەهەر ، دىيارىمىزدىكى بولۇپ داڭلىق خەتتاتلارنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلىدىغان «شىمالى جۇڭگودا باهار» ، 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «هۆسنىخەت ۋە گۈلچىمەن» توپلاملىرىغا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن . 1989 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ، 1990 ـ يىلى ئىچكىرىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو هازىرقى زامان داڭلىق خەتتاتلىرى لۇغتى» قاتارلىق كىتاپلاردا ئۇنىڭ تەرجىمهالى ۋە ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان . 1986 ـ يىلدىن باشلاپ هەر يىلى 2 ـ 3 قارار هۆسنىخەت ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ نۇرغۇنلىغان شاگىرت يېتىشتۈرۈپ ، خەتتاتلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ئۈچۈن تۆهپە قوشقان . ئۇ 1988 ـ يىلى ئاممۋى مەدەنىيەت كەسپىدە مۇئاۋىن تەتقىقاتچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

خەتتات ۋە رەسسام هۆشۇر ئېلى جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيتىنىڭ ، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيتىنىڭ دائىمي هەيئەت ئەزاسى ، دىيارىمىز پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ـ رەسساملىق ئىلمي جەمئىيتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى ۋە سەنئەت مەسلىهەتچىسى ، ئۈرۈمچى شەهەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ هەيئەت ئەزاسى ۋە شەهەرلىك خەتتاتلار جەمئىيتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.
















.23 .4 .1887









# مەت
# سۆزلىدىن
# قايتماس
# يوللار
# ئىزلىدىن




ئالىم بىلەن ئالەم گۈل بولۇر،
زالىم بىلەن ئالەم چۆل بولۇر.
نىياز كېرىم شەرقى يازغان 85-3


بەخت ئەمەس نەسىۋە، بولماس تىلەپ تاپقىلى،
ئالۇر ئۇنى كۈرەشتە ئادەمگە قول سۇنغانلار.
پەن سۆيگەننى ئەل سۆيەر، بارچە قاچۇر نادانىن،
ئەمدى بەخت تاجىنى كىيەر پەند ئوزغانلار.
ھوشۇر ئېلى يازغان، 1990-يىل


قولۇڭدىن كەلسە ئىلگە باغ ياسا،
بوستانغا ئەلدىن زېمىن كەلگەي تاماشا.
ئاققۇزۇپ تېرىڭنى ئەل ئۆلكە بەختىگە
سەن ھەم ئەل بىلەن شاد-خۇرام ياشا.
ھوشۇر ئېلى




قوم يىغىلسا تاغ بولۇر،
ئەل يىغىلسا باغ بولۇر.
ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن
يازغان
85-3




مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى پۈتۈن،
ئاتىسى ياخشى ئۆينىڭ ئاشى پۈتۈن.






(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،
ئۇ – ئاللا بىردۇر(1)، ھەممە ئاللاغا موھ-
تاجدۇر(2)، ئاللا بالا تاپقانمۇ ئە-
مەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس (3) .
ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ(4).




ياخشى بىل





## هۆرييەت نىياز










## ھۇسەنجان قاسىم




## ئوبۇلقاسىم مۆمىن



ئوبۇلقاسىم مۆمىن 1928 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1946 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان . 1948 ـ يىلدىن باشلاپ گۈزەل سەنئەت ، رەسساملىق ، خەتتاتلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1955 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان رەسىم ۋە خە تتاتلىق ئەسەرلىرى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان . ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ۋە دىيارىمىزدا ئېچىلغان چوڭ ـ كىچىك كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ ، كۆپ قېتىم 1 ـ ، 2 ـ دەرىجىلىك ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان . 1987 ـ يىلى جۇڭگو بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى مەتبە ھەرپلىرىنى باھالاشتا ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ھەرپلەردىن «تەئلىق» نۇسخىسىدىكى بىر ھەرپ 1 ـ دەرىجىلىك ، يەنە بىر نۇسخىسى مۇنەۋۋەر باھالىنىپ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . يەنە يېڭى يېزىق ماۋزۇ ھەرپلىرىنى لايىھەلەپ چىقىپ ، چوڭ ماۋزۇ ھەرپتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان . 1988 ـ يىلى جۇڭگو مىللىي ئىشلار كومىتېتى تۈزگەن ئىنگلىزچە ، ئەرەبچە ، خەنزۇچە خەتتاتلىق رەسساملىق توپلىمىغا بىر پارچە ئەسىرى تاللىنىپ كىرگۈزۈلگەن . 1989 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابقا تەرجىمەھالى ۋە ئەسەرلىرى بېسىلغان . 1990 ـ يىلى مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قىرغىز تىلىدىكى دەرسلىك كىتابنىڭ ئاساسى قىسمىنى يېزىپ چىققان . ئۇ 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت خىزمىتى جەريانىدا مول نەتىجىلەرنى قازانغانلىقى ئۈچۈن مۇدىر تەھرىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ ئىسمى 1991 ـ يىللىق «جۇڭگو ھازىرقى زامان خەتتاتلىق ساھەسىدىكى شەخسلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەن .

خەتتات ئوبۇلقاسىم مۆمىن جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى دىيارىمىز شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى .

بارچە مىللەت شادلىنىپ تەڭ يايرىماقلىق ياخشىدۇر،

باغدا بۇلبۇللار قاتارى سايرىماقلىق ياخشىدۇر،

خەلقىمىزنىڭ ئىنتىسرارى زىچ-ئىناقلىق ياخشىدۇر،

بىرلىشىپ مەردانە ئالغا چامدىماقلىق ياخشىدۇر،

ئەستە تۇتقىن، ئى بۇرادەر، ئىتتىپاقلىق ياخشىدۇر.

تۇمەر ئىسمائىل شىئىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇقام

شۇئاملىق شېئىرىدىن پارچە

تېيىپجان ئېلىيوپ

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سېھىرناخشۇن، مۇقام
جان قانات لانغاي شۇئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن، مۇقام
سەن بىلەن دائىم ئۇ نۇر گۇلزارىمىز گۇلگۇن، مۇقام
ۋەسلىغا ئاتەشتەك ھارارەت بەرگۈچى يالقۇن مۇقام
ئاھ مۇقام، ئوتلۇق مۇقام، گۈلگۈن مۇقام، ئالتۇن مۇقام
نەغمىلەر سورۇنىدا ئورنۇڭ شۇڭا ئۈستۈن مۇقام
سەن ئازاتلىق ھەم گۈزەللىك ئىشقىغا ئويغۇن مۇقام
جانغا راھەت، دىلغا ئارام، مۇڭسى نۇرغۇن مۇقام
مەشرىپى ئۈندەر ئۇسۇلغا، پەيزى مول جوشقۇن مۇقام
كېيىپى بار ئادەم دېمەس ھەرگىز سېنى يوچۇن مۇقام
ئەجدادى يادىكار ئەمەس ھەرگىز سېرىق، توتقۇن مۇقام
سەن گويا لەيلى، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۇلار مەجنۇن، مۇقام
ياپچۇسى ئىنسانىيەتنىڭ گەنجى شانلىقتۇن مۇقام

خەتتات: ئەبۇلقاسىم مۆمىن

# قەلەمدىن ئۆزگە مۇڭدىشىم يوقتۇر

قولۇمدا قەلىمىم، ئالدىمدا دەپتەر،

قورلىرى ئۈستىدە ئىجادىم پارلار.

قەلەمدىن ئۆزگە ھېچ مۇڭدىشىم يوقتۇر،

قەلبىمنى ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى قاپلار.







دېمەس ھېچكىم تىكەن-ئازغان چېچەكنى گۈلى رەنا،
دېمەس ھېچۋاخ بىلمەسزنى كامالەتلىك ئاقىلۇ-دەنا.
بىلىملىكنىڭ دىلى نۇرلۇق، تىلى ئۆتكۈر، يولى پارلاق،
كۆزى كۆرگەي دېمەك ھەرگىز، بىلىمسىزنىڭ دىلى ئەما.





# ئۆرگىلەي

كۆلدى قەشقەر چېھرىدە كۈنىنىڭ جۇلاسى، ئۆرگىلەي،
مەڭگۈ يار بولدى باھار، كەتتى ئايازى، ئۆرگىلەي.

ئەتىر-رەيھان ھىدىنى چاچتى ھاۋاسى، ئۆرگىلەي،
كېلىدۇ بوستان ئارا كاككۇك ناۋاسى، ئۆرگىلەي.

چاچقۇلار چاچتى بادام، ئەنجۈر گىلاسى، ئۆرگىلەي،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىدى ئەل ئىختىراسى، ئۆرگىلەي.

شوخ تەرەننۇم ئەيلىشۇر سەييارى-سىماسى، ئۆرگىلەي،
تېپىلۇر سەندە بۈگۈن جانىنىڭ داۋاسى، ئۆرگىلەي.









اللهم صل على محمد وعلى آل محمد كما صليت على إبراهيم وعلى آل إبراهيم إنك حميد مجيد



(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،

ئۇ ـ ئاللا بىردۇر(1)، ھەممە ئاللاغا موھ-
تاجدۇر(2)، ئاللا بالا تاپقانمۇ ئە-
مەس، توغۇلغانمۇ ئەمەس (3).
ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ(4).




ئوسمانجان مۇھەممەد ئوغلانى





# ئۆمەر ئايدىن بوزىيگىت




ئۆمەر ئايدىن 1978 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باشئەگىم دىيارىدىكى قەدىمى يۇرتلارنىڭ بىرى بۈگۈر ناھىيەسىنىڭ تېرەكبازار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1995 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1998 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە بايىنغولىن ئوبلاستلىق پىداگوگىكا مەكتىۋىنىڭ گۈزەل سەنئەت سىنىپىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بۇيان بۈگۈر ناھىيەلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم مەكتەپ، ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان رەسساملىق، خەتتاتلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ، رەھبەرلىكنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن. يېقىندىن بۇيان خەتتاتلىققا قىزىقىپ ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھازىرقى خەتتاتلىق ئۆلچىمىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يېڭى ئۆلچەم بويىچە خەمدە سەئىدئالىم، غەفۇرجان جاپپار، رېھىمجان ھەبىبۇللا قاتارلىق خەتتاتلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاساسىدا خەتتاتلىق ماھارىتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. ھازىر ئۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياش نوتىلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە.



# رۇبائىيلار

جاھاندا بايلىق يوق ئىلىمدىن ئارتۇق .
ئىلىمسىز كادا يىلىق ئەڭ چوڭ يوقسۇزلۇق .
ئىنسانغا ھۈنەرنىڭ كاتتىسى ئىلىم .
ئىلىم ئال، ئىلىمدىن تارات يورۇقلۇق .

ئىنساندا بولىدۇ تۈرلۈك ئويى - ھەۋەس .
ھەۋەسكە بىر بىلمەك ئاقىللىق ئەمەس .
ئەدەبنىڭ ئىلىمدىن ئالمىسا ساۋاق .
ئەۋلىيا بولسۇن ئادەم دېمەك تەس .

نابىمەت موھەممەت ئىمىن روبائىلىرىدىن

بوزىگىت نەقىشى

# تىلىمغا مۇھەببەت

سۆيۈگىنى ساپ سۆزلۈكدە ئىمۇ ، بويۇگىنى تالۇر بوستانلىق ،
كەچۈر ، بۇ پاك سۆيۈپ تاشنى يالا يالغاندا ياپىتقانلىق .

بابالاردىن ئاقارسىن ، ئۇنتۇلۇش كۆرمەيدۇ ھېچ سايە ،
سۆيۈگەندىن نەپ ئالۇر ، ئەمما ئىقتىدىن پەستە چاپقانلىق .

تىلگە تاغدىن فولاچ ئاتساڭ ، سېنىڭ ئالدىڭدا توسقۇن يوق .
يالاپ قىرغاقنى يول ئالساڭ ، سۆيۈگەندە لايمۇ ئاتقانلىق .

سۆيۈگۈش لاي دەپ نېچۈن تەرگى مۇھەببەت نەيلەنسۇن تۇغلۇك ،
مۇھەببەت تۇرماشقا لاسىنى سۆزلەپ شەيدە تۇ ئاتقانلىق .

تەرىمەكتىن بەشارەتمۇ ئاتالماي قەمر سۆزلىمىي لاي ،
يېشىل زۇمرەت كەبى چاقناپ سۆزلۈك كۆزىگە ياتقانلىق .

— نەبىيەدۇللا ئىبراھىم ، بۇيۇرگەت خەتتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ھايات كىتابى

ئالەمدىكى مەۋجۇدات تۈزۈلۈشىمۇ شاش پۈتتى.

پەقەت ئىنساننىڭكى نە ئەسلا قالار مەڭگۈ ياش پۈتتى.

بىرى ئىلىم ھېكمىتى، بىرى تۆھپە سەھىپىسى

شۇنىڭ بىلەن ئاشىدۇ ئادەمىيلىك قىممىتى.

ئىلىم، ھېكمەت، تۆھپىدۇر ھاياتلىقنىڭ باش پۈتى.

زىننەت بېرەر ئۆمۈرگە تۆھپە بىلەن ھەر خەتتى.

كۆڭۈل قويۇپ يازغىنى، ئىپار چاچسۇن قات-قېتى،

پۈچۈلمىسۇن ئەسلىدە بۇ كىتابنىڭ چەت-چېتى،

قېنى روزى، ۋاراقلاپ كۆرگىنە شۇ كىتابنى،

تاراقلاتقىنە كىچە ھاياتىڭنىڭ شاش بېتى؟

روزى سايىت شېئىرى، بوزلىگەت يېتى

# ئوقۇپ تۇرىمىز

مۇھەممەتجان راشىدىن

بىز خۇدادىن قورقۇپ تۇرىمىز،
شۇڭا نامازنى ئوقۇپ تۇرىمىز.
سورۇنلادا ساقىنى نەما،
قويماسەن دەپ ئوقۇپ تۇرىمىز.
كەسەل يۇقتى قاغا-قوزغۇندىن،
كۆرۈنگەننى چوقۇپ تۇرىمىز.
قولۇم-قوشنا دېمەيمىز نەسلا،
ئىلىنغاننى سوقۇپ تۇرىمىز.
ئايرىمايمىز ھالال-ھارامنى،
يالغاننى توقۇپ تۇرىمىز.
لېكىن يەنە قورقۇپ تۇرىمىز،
شۇڭا نامازنى ئوقۇپ تۇرىمىز.

بوز يىگىت خەتتى

# ئاتايمەن

شاھلار تۇتقان قەدەھتە تۇتۇپ تولسىغى ئاتايسەن،
سەن ئاتقان چىنارغا قوش قونسىغى ئاتايمەن.

چۈچەك پۈتسەك باغچاڭ پۈت تاشغانلار قاچىلىك،
سەن سۆيگەنگە بىر ئۆتۈنۈش ياقتۇرسىغى ئاتايمەن.

بۈگۈن ئاتالغى زېمچە كىنىمى تەك تەشەككۇرلار بىلەن،
ئاشكارا تەكتىگە كۆيگەندىن ئاھ ئۇرمىغى ئاتايمەن.

بايلىق دىگەن بىتۋاپا. لاپ ئۇرغاننى كۆرسەم،
تۇتۇرۇشقاندا ھەر كۈنى ئات تۇرمىغى ئاتايمەن.

بايلىق توكول، دېمەكچىش دوپ كىملەر دېسە ئاختانسا،
تۇشۇلغاندا. ئەبەي! دوپ تەرەق تۇرمىغى ئاتايمەن.

ئاتالىلارنى ئازدۇردى چوڭ ھوسنى دۇنيانىڭ.
شۇ گاھ ردەم ئۆزنىڭ ئاتانىڭ ساق تۇرمىغى ئاتايمەن.

[illegible]







**ئۆمەر ئوسمان**




alsuyar





# ئېزىز نىيازى



پىشقەدەم خەتتات ۋە شائىر ئېزىز نىيازى 1905 ـ يىلى ماناس ناھىيىسىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . كىچىكىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان . كېيىن يېڭى مائارىپ ئىسلاھاتىنى قىزغىن قوللاپ ، ئۇيغۇر ئىملا قائىدىلىرىنى تولۇقلاش جەريانىدا ھۆسنخەت ئۆگۈنۈشكە كىرىشكەن . ئۆز زامانىسىدىكى داڭلىق خەتتات شېرىپ قارىمدىن تەلىم ئالغان . 1926 ـ يىلى ماناس مەسجىدى قايتا رېمونت قىلىنغاندا ئۆزىنىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا بېغىشلاپ يازغان «ساۋاپ قىلدى» سەررلەۋھىلىك شېئىرىنى مەسجىت كانىرىسىگە ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ چىققان . ئۇ ئۆزىنىڭ خەتتاتلىق پائالىيىتى جەريانىدا ئۈرۈمچى ، قۇمۇل ، ئالتاي ، دۆربىلجىن ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا مەسجىت ، مەدرىسە ، خانىقالارغا ئايەت ، ھەدىسلەرنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ بەرگەن . مەكتەپ ، ساراي قەسىرلەرگە ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى نەسھەت ، تەربىيە تېمىسىدىكى شېئىرلارنى چىرايلىق يېزىقلار بىلەن كېلىشتۈرۈپ يېزىپ بەرگەن . ھۆكۈمەت تارماقلىرى سودا ، ھۈنەر كەسىپ ، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تاختا لەۋھەلىرىگە ھەرخىل شەكىلدە نەپىس خەتلەرنى يېزىپ بەرگەن . خەتتاتلىق كەسپى بويىچە شاگىرت تەربىيىلىگەن . 1925 ـ يىلى ماناستا ئوقۇتقۇچى ، زاپخوز ، كېيىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا مەسئۇل كاتىپ ۋە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىگەن . ئۈچ ۋىلايەت ئازات بولغاندىن كېيىن ئالتاي خەلق ساقچى باشقارما سىياسى بۆلۈمىدە كاتىپ ، دۆربىلجىن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت ئىدارىسىگە باشلىق ۋە قۇلۇپ مۇدىرى بولغان . ھۆكۈمەت تەشۋىقات باشقارمىسىدا مەسئۇل ۋەزىپە ئۆتىگەن .

پىشقەدەم خەتتات ۋە شائىر ئېزىز نىيازى خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئىنتايىن ئېپتىخارلىق كەسىپ دەپ بىلگەچكە ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىمۇ ھۆسنخەت بىلەن يېزىشتەك ئېسىل ئارتۇقچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان . دىيارىمىز ۋە شەھەرلىك «خەتتاتلىق ، رەسساملىق كۆرگەزمە» گە قويۇلۇپ جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ خەتتاتلىق تارىخى ۋە سەنئىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئەۋلاتلارنىڭ ئۆگىنىشىدە ياخشى دەستۇر ۋە ماتېرىيال بولۇپ كېلىۋاتىدۇ .

پىشقەدەم خەتتات ۋە شائىر ئېزىز نىيازى دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى ئەزاسى ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى ھەيئەت ئەزاسى .









# ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغ



ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغ 1977 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر مارالبېشى ناھىيىسى چىغانچۆل يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغان. 1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دىيارىمىز بىڭتۇەن مىللىي پېداگوگىكا مەكتىۋىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت كەسپىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، 1997 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزىلىق 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنغان. 2001 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، ئىدارىنىڭ كاتىپ ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن كاتىپ ۋە باش كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆز كەسپىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مارالبېشى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بۇ مەكتەپنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ 1995 ـ يىلدىن باشلاپ پىشقەدەم خەتتات ۋە ئۇستازلارنىڭ ئېسىل خەتتاتلىق ئۈلگىلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭ 150 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل نۇسخىدىكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 10 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر دەرىجىلىك كۆرگەزمىلەرگە تاللىنىپ قاتناشتۇرۇلغان ۋە مۇكاپاتلانغان. ئىككى قېتىم مەكتەپ دەرىجىلىك ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا دەرس ئۆتۈش بىلەن 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىنى زىچ بىرلەشتۇرۇش ئارقىلىق كۆپلىگەن ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

2012 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو ـ تۈركىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يىلىدا ئۇنىڭ بىر پارچە ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسىرى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان. 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ئاچقان. 2013 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مارالبېشى ئالتۇن توغراق ساياھەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن «ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ئاچقان. 2014 ـ يىلى شاڭخەي شەھىرى جىڭئەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش مەركىزى بىلەن بىرلىكتە بىر ئەسەردە ئوخشاش بىر مەزمۇننى ئىككى خىل يېزىق ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان، جەمئىي ئەسەر 100 پارچە بولۇپ رەسىملىك كىتاپنى باستۇرۇپ شاڭخەي بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈنجى قەدىمىنى ئالغان. 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مارالبېشى ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ئاچقان.

تۆۋەندە تىرىشچان خەتتات ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغنىڭ بىر قىسىم ھۆسنخەتلىرى بېرىلدى.












ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى


كۆز كۆرگەننى تىلەر
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى


كۆڭلۈڭ قالغان يەرگە بارما.
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى


تەلىم بەرىش ئۈچۈن تەلىم ئال
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى




كۆڭۈل كۆڭۈلگە ئەلچى
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى


كۈچۈڭنى يەرگە ئىشلەت،
بىلىمىڭنى ئەلگە ئىشلەت
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى


ئاقىل ئەل غەمىدە.
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى


ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى


ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما،
ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى

# ئېلى ئىسمائىل



ئېلى ئىسمائىل 1937 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . 1959 ـ يىلدىن باشلاپ قۇمۇل 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاممىۋىي مەدەنىيەت باشقارمىسىدا ئىشلىگەن . 1985 ـ يىلدىن باشلاپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر قەدىمقى ئەسەرلىرى تىل ـ يېزىق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن . ئۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا دىۋان ، سۇلۇس ، تەئلىق ئۇبرازلىق خەت نۇسخىلىرىدىكى ھۆسنخەتنى يېزىشتا كۆرنەرلىك نەتىجە ياراتقان . ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى جۇڭگودىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ، دىيارىمىزدا ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشتۇرۇلۇپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان . 1985 ـ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بىر قانچە ھۆسنخەت ئەسىرى«جۇڭگو خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى» ، گۇاڭشىدا ئۆتكۈزۈلگەن «چېگرا رايوندىكى بەش ئۆلكىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى» گە تاللاپ قاتناشتۇرۇلغان . 1990 ـ يىلى ئىچكىرى ئۆلكىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان داڭلىق خەتتاتلار لۇغتى» گە ئەسىرى ۋە تەرجىمەھالى كىرگۈزۈلگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىدە ئۇنىڭ ئەسىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . دىيارىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا يىپەك يولى خەتتاتلىق ، رەسساملىق كۆرگەزمىسى» دە بىر پارچە ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ، شاگىرت يېتىشتۈرگەن . ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى «قۇمۇل نەزمىلىرى» كىتاۋى 1991 ـ يىلى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى .

خەتتات ئېلى ئىسمائىل جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، دىيارىمىز خەتتاتىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، دىيارىمىز ئاممىۋىي مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك «ئۈچ چوڭ توپلام» غا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى .



www.uyghurkitap.com





ياشلوق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولمو قىسقا ئونىڭ ئومرى براق،
يېرىلسا كالىنداننىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلوق گولىدىن توكولدو بىر يوپورماق.

ياشلوق چاقماقسن چېقىپ توچىسن،
نەۋرۇز شەمى موشو تەنگىمگە يەن!
قالغوسى چولگە بىر ئون چۆكسە،
ئادەم بولوش ئولدىن قولغا سالماس ئايرىلغىن.

— ل. موتەللىپ

شېئىرى ... سىفال

# ئىبراھىم مۇھەممەدى



ئىبراھىم مۇھەممەت 1947 ـ يىلى توخسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزا ئارا تۇگمەن كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىن باشلاپلا ھۆسنخەت ۋە رەسىم سىزىشقا ئىشتىياق باغلاپ قىزىقىپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن . يېزىدا «قايتا تەربىيە» ئېلىۋاتقان چاغلاردىمۇ ھۆسنخەت ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمىغان. 1974 ـ يىلى مائارىپ سېپىگە خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە رەسىم ۋە ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان . شۇ جەرياندا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردائىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ھەرخىل تەشۋىقات رەسىملىرىنى ، لوزۇنكا ۋە ۋېۋىسكىلىرىنى يېزىپ بەرگەن . يېزا كەنتلەردىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى زىننەتلەشكىمۇ ياردەملەشكەن . 1985ـ يىلى ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە بىلىم ئاشۇرۇشقا كىرىپ ، ئوقۇش جەريانىدا قوشۇمچە رەسىم ، ھۆسنخەت دەرسنى ئۆتكەن. ئۇ پىشقەدەم خەتتاتلارنىڭ ھۆسنخەتلىرىنى ئۈرنەك قىلىپ ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلىگەن.

1986ـ يىلدىن باشلاپ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ، «ئىشچىلار گېزىتى» ، «بايىنغۇلىن گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا ئۇنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان . ئوبلاستلىق ، ناھىيىلىك ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىگە تاللانغان ئەسەرلىرى بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن .

خەتتات ئىبراھىم مۇھەممەت جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى دىيارىمىز شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ، دىيارىمىز پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق ، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، «مائارىپ گېزىتى» نىڭ ئىختىيارى مۇخبىرى .




















**ئىسكەندەر ئىسمائىل**



ئىلھامجان قادىر










ئىمىنىياز مۇھەممەتروزى



# قۇتادغۇ بىلىك

ياخشىلىقچى كىم ئۆزى يار ئۆتكۈنۈر

يامانلىقنىڭ ئاتا ئاناسى ئۇشبۇ يامان قالۇر

يامانلىققا ئۆمۈ كىمكى قىلسا ياخشىلىق

يامان قىلسا يامانلىقچى ئۆچ ئىشىم يانۇر

ئىمىنىياز مۇھەممەت روزى يازغان




**ياسىنجان ئابلا**




**ياسىنجان قۇربان ھەمراھ**



ئىزدىنىش روھىغا باي، تىرىشچان ياش خەتتات، لايىھىلىگۈچى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستىسى ياسىنجان قۇربان ھەمراھ 1988 ـ يىلى3 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. ئۇ كىچىكىدىنلا خەتتاتلىق ۋە رەسىمگە ئوتتەك ئىشتىياق باغلاپ ، گەرچە مۇنتىزىم تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ نىياز كېرىم شەرقى، قۇربانجان روزى شەيدائى قاتارلىق ئۇستاز خەتتاتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق خەتتاتلىققا ئاساس سالغان، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەتتاتلىق، رەسساملىق كۇرژۇكلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغان، نۇرغۇن شان ـ شەرەپ ۋە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەل ئىچى رەسساملىرى سېپىغا قوشۇلۇپ، 150 پارچىدىن ئارتۇق ئەل ئىچى رەسىم ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى بىر قانچە توپلاملارغا

كىرگۈزۈلگەن. 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر قىسىم ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى ئىچكىرى ئۆلكە، دىيارىمىز ، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ 1 ـ 2 ـ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ھازىرغىچە 80 پارچىدىن ئارتۇق گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ھەرقايسى مەتبۇئات ۋە توربېكەتلەردە ئېلان قىلغان. 2008 ـ يىلى دىيارىمىز رەسساملار ئاكادېمىيەسى تەشكىللىگەن ئەل ئىچى رەسساملار ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە ئىككى پارچە ئەسىرى تاللىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدە كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ



ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان . 2009 ـ يىلىدىن باشلاپ كومپيۇتېردا تەكشىلىكتە لايىھەلەشنى ئۆگىنىپ ئاۋات ناھىيەسىدە ئېلانچىلىق بىلەن ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. 2012 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاۋات ناھىيىسى بويىچە «مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇنەۋۋەر باشلامچى»نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «مەرھابا قۇربان ھېيت ياسىنجان قۇربان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى»نى ئېچىپ كەڭ خەلقىمىز، ئۇستازلىرى ۋە كەسپداشلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ، بىرقىسىم ئەسەرلىرى ھەۋەسكارلار ۋە قوللىغۇچىلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان. 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ ياش كەسپىي خەتتات ئەرشىدىن رىشىد راشىدىنى ئۇستاز تۇتۇپ خەتتاتلىقتىكى خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە تەلىم ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۆز ئىجادىيىتىدە «ھەمراھ» (توغرا يولغا ھەمراھ بولغۇچى) تەخەللۇسىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

ياسىنجان قۇربان ھەمراھ قول ـ ھۈنەر سەنئىتى ئالاھىدىلىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ شەكىل، مەزمۇن جەھەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنى ئەپچىل بىرلەشتۈرۈپ ئىنچىكىلىكنى، نەپىسلىكنى ئۆلچەم قىلىپ ئاز، ساز بولۇشنى تەكىتلەپ ئىشلەنگەن قاپاق قول ھۈنەر سەنئىتى ئەسەرلىرىمۇ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. 2014 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىدە خەتتاتلىق، لايىھەلەش جەھەتلەر ـ دىكى بىلىمنى يەنىمۇ پۇختىلىدى، بۇ جەرياندا پىشقەدەم ئۇستازلار ۋە كەسپداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەمەلىي تەجرىبە توپلىدى.

ياسىنجان قۇربان ھەمراھ ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق سەنئەت تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ ھازىرغىچە لايىھەلىگەن 30 دىن ئارتۇق تاۋار ماركا لايىھەسى



رويخەتكە ئېلىنىپ مەھسۇلاتلارغا ئىشلىتىلمەكتە. ھەرخىل مەھسۇلات ئورالما قاپلىرى، 100 خىلدىن ئارتۇق ئېسىل، سۇپەتلىك، تەكلىپنامە ۋە باغاق لايىھىلىرىنى ئىشلىدى، ئۇلاردىن بىر قىسمى ئېسىل، سۇپەتلىك، ئالىي تەكلىپنامە، باغاقلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ياقتۇرۇشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن «ئۈرۈمچى ئاپتاپ مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى-ئاپتاپ باغاقچىلىقى» تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ بازارغا سېلىندى. 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە، قازاقچە كىتاپ مۇقاۋا خەتلىرى، 50 دىن ئارتۇق مەھسۇلات ئورالما خەتلىرىنى يازدى.

ياسىنجان قۇربان ھەمراھ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسىمىزنى كەڭ خەلقىمىزگە تونۇتۇش، ھەۋەسكارلارنى تەربىيەلەش جەھەتلەردە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى كەسپداشلىرى ۋە خەتتاتلىق ھەۋەسكارلىرىغا ئۈلگە بولۇپ، ئىزچىل كەسپى خەتتات بولۇش ئىستىكىدە تىرىشماقتا، ھەمدە ئاۋات ناھىيەسىنىڭ خاس ساياھەت بۇيۇمى يوق بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق-رەسساملىق ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. دىيارىمىز ئەل ئىچى رەسسام ئۇستىسى، ئاۋات ناھىيە ھەمراھ خەت سەنئىتى لايىھە خىزمەتخانىسىنىڭ مەسئۇلى.

ئەلپىدا ئۈچۈر تېخنىكىسى (ئەلپىدا تورى. ئەلپىدا ئۈچۈر تورى) نامىدىن بۇ ئىزدىنىشچان ۋە كۆپ قىرلىق خەتتاتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى باسقان قەدەملىرىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق ۋە شەرەپ تىلەيمىز.

ئەمدى ياسىنجان قۇربان ھەمراھنىڭ بىر قىسىم ھۆسنخەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىڭ:

## قاپاق ھۈنەر سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەر










ALPIDA.com




تەكلىپنامە، باغاق لايىھەلىرىدىن ئۆرنەكلەر


ماركا، ۋىۋىسكا، ئەھۋالات ئورالمىلىرىنىڭ ھۆسنخەتلىرى
ئانا بالا
تەكلىماكان
قوزام
گۆھەر
نۇر بۇلاق
ئەمىن
13899290350
ARZU
NESLI HAN TURUK KIYIMLIRI
TATLIKLIRIM BALILAR KIYIMLIRI
巴黎春天十字绣
15886855902

ھەمراھ

## ماركا، بەلگە لايىھە ئۈرنەكلىرى

HALKI

HAMXIPA

TEBI RAHMAT
提比热合买提

AWT LIBRARY

ROHQIN

ARZU

ZOKLAN
祖克兰

KAMIL

UQKUN
火星

NURMIRZI

UPUK

UQKUN
火星

KUNDE DIDAR NANLIRI

GUHAR
吉哈尔






ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار، ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.













سايرام كۆلى
سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك دەردىڭ تولا ،
داۋالغۇيسەن ساھىللاردىن تاشالمايسەن .
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار ،
ئۇ مۇڭلىسەن داۋانلاردىن ئاشالمايسەن
بالقۇن روزىغا خاتىرە











**ياقۇپجان يۇنۇس**






**يۇسۇپئەلى ئەمەت بىلگىدار**



**يۇسۇپجان**




**يۇنۇس قۇددۇس**




ئۈچ تىللالىق سۆز





